شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

# ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى

ئەدەبىيات پاكۇلتېتى

مەكتىپىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز

1985

ثوسمات [illegible]

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى توپلىمى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى پاكولتېتى تۈزگەن


رەتلەپ تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇن قۇربان

مەسئۇل تەھرىر: ئابدىكېرىم راخمان



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى

ئۈرۈمچى — 1985

# تۈزگۈچىدىن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتى ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان ئاساسلىق چوڭ پاكۇلتېتلارنىڭ بىرى، ھازىر ئۇنىڭ 120 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، 600 گە يېقىن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇيدۇ. تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى، خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى، قازاق تىل - ئەدەبىياتى ۋە ئاخباراتچىلىقتىن ئىبارەت تۆت كەسپ بار.

ئەدەبىيات پاكۇلتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىيەتكە 4000 دىن ئارتۇق ھەرمىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتى بىر قانچە يىللاردىن بېرى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىلمىي تەتقىقاتنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ئاستىدا پەقەت پاكۇلتېتىمىزدىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر قانچە يىلدىن بېرى 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىجادىي كىتاۋى، 260 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئاشكارە نەشر قىلىندى. 10 نەچچە پارچە ئەسەر مەملىكەت بويىچە ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بەزى ئەسەرلەر ھەتتا خەلقئارادىمۇ مەلۇم تەسىر قوزغىدى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويىغا سوۋغا قىلىنغان بۇ توپلام پاكۇلتېتىمىزدىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر قانچە يىللاردىن بۇيانقى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلىرىنىڭ قىسقىچە كاتالوگىدىن ئىبارەت.

بۇ توپلامنى ئىشلەشتە: (1) ئىلمىي تەتقىقات دائىرىسىدىكى ئەسەر ۋە ماقالىلار A ھەرپى بىلەن، ئۇھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتلەر B ھەرپى بىلەن، تەرجىمە ئەسەرلەر C ھەرپى بىلەن ئايرىپ تۈزۈلدى. (2) ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلدى. (3) ئوقۇتمىلىق ئەسەر ۋە ماقالىلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ناھايىتى ئىخچام يېزىلىپ تونۇشتۇرۇلدى. ۋاقىتنىڭ ئالدىراشلىقى نەتىجىسىدە بەزى ئىلمىي ماقالىلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، ماقالىنىڭ ئىسمىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى. كىتاپتىن پايدىلانغۇچى يولداشلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

تۈزگۈچىدىن

1985 - يىل ئاپرېل

پاكۇلتېتىمىزدىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر قىسىم ئىلمىي، ئەدەبىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ مۇقاۋا كۆرۈنۈشلىرى












ەنجارلىق












مۇكاپاتنامە

# مۇندەرىجە

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلدى)

## A


ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن ............ 1

ئابلەت ئۆمەرى ............ 17

ئابدىرېشىت ئىسلامى ............ 25

ئابدىكېرىم راخمان ............ 28

ئازات سۇلتان ............ 54

ئارسلان ئابدۇللا ............ 61

ئابدۇللا مەتقۇربان ............ 63


## B


بوغدا ئابدۇللا ............ 66


## H


خەمىت زاكىروپ ............ 68


## I


ئىنايەتۇللا قۇربان ............ 69


## M


مەمتىمىن خۇدابەردى ............ 72

مۇھەممەت زۇنۇن ............ 75

مۇھەممەت ئىمىن ............ 81

مۇھەممەت قاسىم ............ 85

مۇھەممەت ئېيسا ............ 88

مۇھەممەت تۇرسۇن ............ 90

مەمتىلى دالى ............ 94

## N

نەسرۇللا يولبولدى ........ 98
نۇرمۇھەممەت زامان ........ 102

## P

پەرىدە ھادىت ........ 114

## C

سالى خۇدا بەردى ........ 115

## T

تۇرسۇن قۇربان ........ 120

## X

شەرىپىدىن ئۆمەر ........ 128

## Ƣ

غەيرەتجان ئوسمان ........ 134

## Ḩ

ھەسەن مادىت ........ 142
ھەسەنجان سادىق ........ 148

## Ə

ئەخمەتبېك كىرىشباي ئوغلى ........ 149
ئەخمەتجان ئەسقەرى ........ 156
ئەۋەلقان قالى ئوغلى ........ 160
ئەركىن دوساجان ........ 170

## Ɵ

ئۆمەر ئوسمان ........ 172

# A

## ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

### A

△ «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى "ئون ئىككى مۇقام" ھەققىدە». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاپ جۇڭگو كىتاپلار كۆرگەزمە يىغىنىدا بىرىنچى دەرىجىلىك باھالىنىپ، موسكۋا 4 - قېتىملىق خەلقارا كىتاپلار كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان.

كىتاپ: مۇقەددىمە، 4 باپ، 14 پاراگراپ، 5 تېما، بىر خاتىمە ۋە 29 تەپسىلى ئىزاھاتتىن تۈزۈلگەن. كىتاپقا مۇقاملارنىڭ داپ ئۇرغۇلىرى جەدۋىلى ئىلاۋە قىلىنغان. ئاخىرىغا 90 نەچچە پارچە پايدىلىنىش مەنبەلىرى كۆرسەتكۈچى بېرىلگەن. كىتاپتا 14 پارچە قىستۇرما سۈرەت بار.

كىتاپتا مۇقام چۈشەنچىسىنى يېشىش، 12 مۇقامنىڭ ھەر خىل تىزىملىكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىش، مۇقام مەنبەلىرى ھەققىدىكى ھەر خىل ناتوغرا قاراشلارنى رەت قىلىش ئاساسىدا 12 مۇقامنىڭ ئۇزاق تارىخى بايان قىلىنغان، مۇقامنىڭ ھەر قايسى ئەللەردىكى ۋاريانتلىرى ۋە سېلىشتۇرما مۇقام تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساسلىق مەنبەلەر ۋە كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىتاپ 12 مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلمىسى، مۇقاملاردا نەغمە شەكىللىرى مەسىلىسى، مۇقاملاردا تاكىتلار مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقامنىڭ كۈيشۇناسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى روشەنلەشتۈرۈلگەن. كىتاپنىڭ 12 مۇقامنىڭ تېكستولوگىيىلىك مەسىلىرىگە بېغىشلانغان قىسمىدا كوي ۋە تېكست مەسىلىسى، تېكست مەزمۇنلىرى مەسىلىسى، تېكستلاردا كلاسسىك شېئرىيەت ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى، مۇقام تېكستلىرىنىڭ تىلى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى مەسىلىسى يورۇتقان. كىتاپنىڭ خاتىمە قىسمىدا بىر قاتار قانۇنىيەتلىك پىرىنسىپال يەكۈنلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ كىتاپ ئاپتورنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن تۇنجى ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ، كۈچلۈك ئىلمىلىك، يېڭىلىق يارىتىش ۋە جەلپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان. كىتاپتا 12 مۇقامنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە خاسلىقى، مۇقام چۈشەنچىسى، مۇقاملارنىڭ ئۇزاق تارىخى توغرىسىدىكى مەنبەلەر، مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

مۇقام تېكىستلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى مەسىلىلىرى ئىنچام بايان قىلىنغان. ئۇرغۇن ئېچىلمىغان مەنبەلەر ئېچىلىپ، گۇمانلىق تۈگۈنلەر يېشىلگەن. كىتابتا مەنبەلەر ۋە كۆز قاراشلار توغرا مېتودولوگىيە بويىچە ھەل قىلىنغاچقا ئاساسلاش ۋە ئىشەندۈرۈش كۈچى كۈچلۈك بولغان. مۇشتەرىلاردىن كۆپلەپ ھىممەتتارلىق خەتلىرى كەلگەن.

كىتابنىڭ فوتو كۆپەيتمىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تىل - ئەدەبىيات، تارىخ ۋە سەنئەت- شۇناس ئالىملار تەرىپىدىن يۇقىرى باھالانغان.

بۇ كىتابنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشرگە بېرىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 30 يىللىقىغا ئاتاپ نەشر قىلىنىدىغان كىتابلار قاتارىدا جامائەتچىلىك بىلەن يېقىندا يۈز كۆرۈشمەكچى.

★

△ «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسۇل سەنئىتى»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1980 - يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاب جاھان مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدا گىرېك - رىم مەدەنىيىتى، كۇشان بۇددا مەدەنىيىتىدىن كېيىنكى، ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن ئىلگىرى 3 چوڭ ئالەمشۇمۇل تارىخى مەدەنىيەت شەكلى بولغان تاڭ سۇلالىسى گۈللەنگەن مەدەنىيىتىگە ئەينى زامان شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇزىكا - ئۇسۇل سەنئىتى جەھەتتىكى قوشقان تۆھپىسىنى تەتقىق قىلىشنى مەخسەت قىلىپ يېزىلغان. بۇ نۇقتا كىتابنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. كىتابنىڭ بىرىنچى بابى تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى ئەڭ قەدىمقى مەنبەلەر، ئارقىلىق، چۇنچيۇ - جەنگو، خەن، 3 پادىشالىق، شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلار ۋە سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىمالىي قوماۇق ۋە غەربىي دىيار مۇزىكا - ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ ۋەتەن مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى يورۇتۇشقا بېغىشلانغان. 2 -، 3 - بابلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي رايون مۇزىكا - ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىلغان. بۇ ئىككى بابتا ئەينى زامان مۇزىكا كۈيلىرى، چالغۇ ئەسۋاپلىرى، ئۇسۇل نامىلىرى، ئۇسۇلچىلارنىڭ كىيىنىش ئەدۋاللىرى، مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ شېئىرى مىساللىرى ۋە تارىخى خاتىرىلەر ئاساسىدا بايان ۋە ئىسپات قىلىنغان. كىتابنىڭ 4 - بابى ئۇيغۇر خەلق مۇزىكا - ئۇسۇل سەنئىتى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى غەربىي دىيار مۇزىكا - ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخى بىردەكلىكى مۇھاكىمە قىلىنغان. خاتىمە قىسمىدا قانۇنىيەتلىك قىممەتكە ئىگە يەكۈنلەر چىقىرىلغان.

بۇ كىتاب ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق يېزىلغان بولۇپ، شىنجاڭ مۇزىكا - ئۇسۇل تارىخىنىڭ مۇختەسەر شەكلىنى ئالغان. كىتابتا تىلغا ئېلىنغان مەنبەلەر مول، ئىلمى قىممىتى، يېڭىلىق يارىتىش قىممىتى، پايدىلىنىش قىممىتى ئۈستۈن. ئاپتور كۆپلىگەن

كىتاپلار ئۇستىدە قاتتىق ئىشلەش ئاساسىدا بىر چېچىلغان مەنبەلەرنى تەرتىپلەپ ئۆزىنىڭ، ئۇستىدىن ئۈزلۈكسىز تەتقىقات ئېلىپ بارغان. 50 پارچىغا يېقىن قەدىمى شېئىرنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان.

كىتاپنىڭ فىرتۇ كوپىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى سەنئەتشۇناسلىرىنى ئۆزىگە قىزىقتۇرغان ۋە دوكتورلۇق ئىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دوراجىگەت قىلىدىغانلىقىنى بىر قانچە سەنئەتشۇناسلار ئىپادىلەشكەن.

△ «ئومۇمى ئىستىتىكا»

«شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى» 1985 - يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاپ بىر مۇقەددىمە، ئىككى بۆلۈم، بىر خاتىمە، بىر قىسقىچە ئىستىتىكىلىق لۇغەتتىن تەركىپ تاپقان. كىتاپنىڭ بىرىنچى بۆلىمى «ئىستىتىكا نەزىرىيىسى»، ئىككىنچى قىسمى «ئىستىتىكا تارىخى»دىن ئىبارەت.

كىتاپنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئىستىتىكا ئىلمىنىڭ ئوبيېكتى، تەتقىقات دائىرىسى، مىتودولوگىيىسىنىڭ مەسىلىرى كەڭ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. كىتاپنىڭ «ئىستىتىكا نەزىرىيىسى»دىن ئىبارەت بىرىنچى بۆلۈمى، گۈزەللىك نەزىرىيىسى، ئىستىتىك چۈشەنچە نەزىرىيىسى، سەنئەت گۈزەللىكى نەزىرىيىسى، ئىستىتىكىلىق كاتېگورىيەلەر نەزىرىيىسى ۋە ئىستىتىك تەربىيە نەزىرىيىسىدىن ئىبارەت ئاساسلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا بېغىشلانغان كىتاپنىڭ «ئىستىتىكا تارىخى»دىن ئىبارەت ئىككىنچى قىسمى سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى قانۇنىيەتلىرى، ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەردىكى سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، قەدىمدىن تاكى ماركسىزىم يارىتىلغىچە بولغان ئىستىتىك تەلىماتلار تارىخى ئۈستىدە توختالغان. كىتاپنىڭ ئاخىرىدا ئىستىتىكا ئىلمىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت پرىنسىپىئال مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنغان. قىسقىچە ئىستىتىكىلىق لۇغەت قىسمىدا كىتاپتىكى ئاتالغۇلار ئىزاھلانغان.

ئىستىتىكا يېڭى پەن. ئۇيغۇرچە بۇنداق كىتاپنىڭ يېزىلىشى ئەمدى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش. كىتاپ تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆز ئالدىغا تۈزۈلمە سىستېمىسى قوللانغان. بىر قاتار (مەسىلەن: ئەسلى گۈزەللىك، جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئىدىيالىزىم قاتارلىق) كاتېگورىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەر خىل گۈزەللىك ۋە ئىستىتىك ھادىسىلارغا يېڭىدىن ئىزاھات ۋە ئېنىقلىمىلار بېرىلگەن. ھەر خىل مۇرەككەپ ئىستىتىكىلىق تەلىماتلار ئېنىق ئالامەتلىرى بويىچە ئىخچام تونۇشتۇرۇلغان. ئىستىتىكىلىق ئاتالغۇلارغا مۇۋاپىق ئۇيغۇرچە نام قوللىنىلغان. كىتاپتا تۇنجىلىق، خاسلىق، يېڭىلىق، بىلىم بېرىش ۋە قىزىقارلىق قاتارلىق ئەۋزەللىكلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بۇ كىتاپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كېيىنكى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر يىل مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، مائارىپ نازارىتى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئېستېتىكا دەرسلىكى قىلىپ بېكىتكەن.

△ «ئەبۇنەسىر فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىسى»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ فارابى توغرىسىدىكى مەخسۇس ئەسەر (مونوگرافىيە) بولۇپ، فارابىنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىسى — ناتۇرال پانتېزمنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىلغان چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەمگەك. كىتاپ بىر مۇقەددىمە، 7 باپ، بىر خاتىمە ۋە بىر پايدىلانغانلار مەنبەلەر كۆرسەتكۈچىدىن تەشكىل تاپقان. بۇ بابلار: «فارابىنىڭ نەسەبى ۋە دەۋرى»، «فارابىنىڭ ھايات پائالىيىتى»، «فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرى»، «فارابىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى»، «فارابىنىڭ سىياسى - ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى»، «فارابىنىڭ ئىلىم - پەن تۆھپىلىرى»، «فارابى تەلىماتلىرىنىڭ تارىخىي تەقدىرى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىر باپ بىر قانچە ماۋزۇ ۋە پاراگىرافلارغا ھەم تىمىلارغا بۆلۈنگەن.

بۇ كىتاپ ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتېلى، ناتۇرال پانتېزىملىق پەلسەپىۋى سىستېمىنىڭ ئاساسچىسى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇنەسىر فارابىنىڭ ياشىغان دەۋرى، ھايات - پائالىيىتى ئەسەرلىرى، ئىلمىنىڭ شەجەرىسى، ئالەم كۆز قاراشلىرى، تەبىئەت - جەمئىيەت كۆز قاراشلىرى، بىلىش نەزەرىيىسى، ئۇتوپىك تەلىماتى، لوگىكا، پەلسەپە، تىلشۇناسلىق، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مۇزىكا ۋە ئېستېتىكا توغرىسىدىكى بايانلىرى، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە پەلسەپە تارىخىدىكى تەسىرى، فارابىشۇناسلىق مەسىلىلىرى قاتارلىقلار جەھەتتىكى ئۆزۈمى تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان.

بۇ شىنجاڭدا يېزىلغان فارابى توغرىسىدىكى تۇنجى زور ھەجىملىك ئەمگەك بولۇشى بىلەن ئېلىمىز بويىچىمۇ تۇنجى زور ھەجىملىك ئەسەر. بۇ كىتاپ كۆپلىگەن ئىلمىي مەنبەلەر ئاساسىدا ئىشلەنگەن، فارابى تەلىماتلىرى سىستېمىلىق يوسۇندا شەرھىلەنگەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلام شەرقىدىكى پەلسەپە ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ بىلىش تارىخىنى روشەنلەشتۈرۈشتە غايەت مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر.

☆

△ «رۇبائىيات»

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 - يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ پەلسەپىۋى شېئىرى كىتاپ بولۇپ، پەلسەپىۋى پىكىر ۋە بەدىئى ئىپادىلەش

ۋاسىتىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان 411 پارچە رۇبائىيدىن تەشكىل تاپقان. رۇبائىيلار 7 قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلگەن. كىتاب ئاخىرىغا ئىزاھات بېرىلگەن.

كىتاب بىلىم، ۋىجدان، قابىلىيەت، ۋەتەن، مۇھەببەت، دوستلۇق، جاسارەت، ئۇمۇتۋارلىق، پىراقنى كۆرەرلىك، ۋاقىتنى قەدىرلەش قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلەرنى شېئىرى ئۇسۇلدا تىلغا ئالىدۇ. بۇ توپلامدىكى رۇبائىيلار پەلسەپىۋى پىكىرنى ئىخچام شېئىرى شەكلىدە ئىپادىلىگەچكە تېز تارىدا سىڭىلىپ بولغان، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىدىكى كۆپلىگەن مۇھاجىر قېرىنداشلار ئۇلارنى يادىلىۋالغان. «قىرغىزىستان مەدەنىيىتى» گېزىتىدە ئۇنىڭدىن 50 پارچىسى ئېلان قىلغان.

خەنزۇ تىلىدىكى «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىدا بىر قانچە تۈركۈم تەرجىمە نۇسخىسى ئېلان قىلىنغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشر قىلغان «كۆكۈل بۇلاقلىرى» توپلىمىغا ئۇنىڭدىن 100 رۇبائىي تاللاپ بېسىلغان. «رۇبائىيات»نىڭ 2 - توپلىمى نەشرگە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا 555 رۇبائىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

★

△ «قەدىمقى ئۇسۇل ماكانىنىڭ يېڭى چېچەكلىرى»

1985 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى گۈزەل سەنئەت تەھرىر ئىشخانىسى نەشر قىلغان. خەنزۇچە.

•

مۇھىم مەزمۇنى:

كىتاب مۇقەددىمىسىدە شىنجاڭنىڭ ئۇسۇل تارىخى تونۇشتۇرۇلغان. شۇ ئاساستا ئازاتلىقتىن كېيىنكى يېڭى ئۇيغۇر ئۇسۇلى مەرھۇم ئۇسۇل ئىجادىيەتچىسى ھاجى راخمان ئۇسۇللىرى ئاساسىدا تونۇشتۇرۇلغان. كىتابتا كۆپلىگەن رەڭلىك ۋە رەڭسىز ئۇسۇللۇق سەھنە سۈرەتلىرى بار. بۇ كىتاب نەشرىياتنىڭ تەلىۋى بويىچە يېزىلغان. بۇ ئۇيغۇر ئۇسۇللىرى تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئەنئەنىسىنى، يېڭى مەزمۇنىنى ئوگۇنۇشتە مەنپەئەتلىك بىر قوللانما.

B

△ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى ئۇلۇغ ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» ئىلمىي ژورنىلى 1956 - يىلى 3 - سان. (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە)

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ياشىغان دەۋرى ئاساسى

كۆزقاراشلىرى ۋە تۆھپىلىرى سۆزلەنگەن. قەشقەردە نەشر قىلىنغان «مەھمۇت قەشقىرى» ناملىق كىتاپقا كىرگۈزۈلۈپ قايتا بېسىلغان.

△ «ئۇيغۇر پەلسەپە ۋە ئىدىيىلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىش تېزىسلىرى»
«پەلسەپە تەتقىقاتى» ژورنىلى 1980 - يىل 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر پەلسەپە ۋە ئىدىيىلوگىيە تارىخى 6 قىسىم، 21 باپ، 90 پاراگىراپ بويىچە پىراگرامىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، نەتىقات تۈزۈلمىسى ۋە سىستېمىسى روشەنلەشتۈرۈشتىكى تۈنجى ئىلمى ئەمگەك.

△ «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قىدىمقى تۆت زات كۆز قارىشى ھەققىدە».
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىل 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت تادۇ (زات) توغرىسىدىكى قىدىمقى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ كۆز قاراشلىرى سۆزلەنگەن. بۇ خىل كۆز قاراشلار ھىندىستان، يۇنان تۆت فىزىس كۆزقاراشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. ئوتتۇرا ئاسىيالىق سىكىق (سەكەت) قەبىلىلىرىنىڭ قارا دېڭىز بويىغا كۆچىشى ۋە يۇنانىستاندا تۆت فىزىس تەلىماتىنىڭ شەكىللىنىشى بايان قىلىنغان. فارابى، ئىبنىسىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ تۆت زات كۆز قارىشى تونۇشتۇرۇلغان. تۆت زات تەبىئەت پەلسەپىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇقەددىمىلىك بىر تېمىسى بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات مۇھىم ئىلمى قىممەتكە ئىگە.

△ «شىنجاڭنىڭ تەبىئى مۇھىتىدا بوستان بىلەن چۆللىكنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى».

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىللىق 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا 1981 - يىلى خوتەن دىيارىدىكى قۇم كۆچۈش ھادىسىسى نەزەردە تۇتۇلۇپ، مۇزلۇقلاردىن تۈزلەڭلىكلەرگىچە بولغان ھەر قايسى قاتلام بەلۋاغلار، چۆللىشىش ھادىسىسى ۋە بۇ ھەقتىكى تارىخى ماتېرىياللار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالە مۇھىت ئېكولوگىيىسى مەسىلىسىنى پەلسەپىۋى ۋە تارىخى ئاساستا ئىزاھلاشقا قارىتىلغان.

△ «قىدىمقى كوسەننىڭ ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كومىراجىۋا توغرىسىدا».
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىللىق 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا كومىراجىۋانىڭ ھايات - پائالىيىتى، ئەسەرلىرى، ئۇستازلىرى، سۇنىياتا



١

تەلىماتى جۇڭگو بۇددىزمىغا ۋە تەرجىمەشۇناسلىقىغا قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن شېئىرلىرى سۆزلەنگەن. بۇ ماقالە ئۇيغۇر ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن كومىراجىۋا ھەققىدىكى ياخشى بىر مەنبە ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

△ «فارابى پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭ تارىخى قىممىتى».
«ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 - يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا پۈتۈن فارابى ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپىۋى سىستېمىسى ئىخچام تونۇشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى بىلىش تارىخىدىكى بىر خىل بىلىش شەكلىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى تارىخى قىممىتى شەرھلەنگەن.

△ فارابىنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىسى ھەققىدە».
«پەلسەپە تەتقىقاتى» ژورنىلى 1981 - يىللىق 11 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا فارابىنىڭ ھايات - پائالىيىتى، فارابىنىڭ ناتۇرال پانتېئىزم ئاساسچىسى ئىكەنلىكى، مەۋجۇدىيەت نەزەرىيىسى ۋە بىردەكلىك نەزەرىيىسى، يۇقۇرى ئۆرلەش نەزەرىيىسى ۋە كاتېگورىيە نەزەرىيىسى، بىلىش نەزەرىيىسى تونۇشتۇرۇلغان ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان.

△ «فارابىنىڭ مۇزىكا ئىستېتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە».
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىل 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا فارابىنىڭ غەيرى پىفاگور مۇزىكا ئىستېتىك قاراشلىرى، فارابىنىڭ مۇزىكىلىق ئەسەرلىرى، فارابىنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسىگە قوشقان تۆھپىسى، نوتا تارىخىدا فارابىنىڭ رولى ۋە باشقىلار مۇھاكىمە قىلىنغان. بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن فارابىنىڭ مۇزىكاشۇناسلىق ئوبرازى كەڭ جامائەتچىلىككە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈلۈپ بېرىلگەن.

△ «فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى ھەققىدە».
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» (خەنزۇچە) 1982 - يىل 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالە فارابىنىڭ لوگىكىغا ئائىت ئەسەرلىرى، ئۇنىڭ شەرتلىك - زىددىيەتلىك سىللوگىزىملىق تەلىماتى، سوفىستىكىغا قارشى فارابىنىڭ 18 خىل تەبىرى ۋە لوگىكىنى

پەلسەپەدىن ئايرىپ چىقىشتىكى فارابىنىڭ رولى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەزكىلىغان. ماقالە ئىلمەمىزنىڭ «جۈملە لوگىكىسى»، «يىلىق مىلىق لوگىكىسى» بىلەن بىللە فارابى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ شەكىللەن لوگىكىدىن ئىبارەت 3 خىل لوگىكىلىق تەلىماتلار سىستېمىسى خەزىنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.

△ «فارابىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر».
«تارىم» 1980 - يىل 5 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ماقالىدا فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى شېئىرلىرىدىن 9 پارچىسى تونۇشتۇرۇلغان، ئەرەبچە، پارسچە، روسچە نۇسخىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەرجىمە قىلىنغان. فارابى شېئىرلىرى بىرەر پارچىدىن ئېزۇ ياكى بۇ كىتاپلاردا تونۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ چەكلىك بولغاچقا، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى «مۇئاللىغات ئەلفارابى» دېگەن كىتاپتا بېرىلگەن نۇسخىلار كۆچۈرۈلۈپ كېلىپ ئىشلەنگەن. بۇ شېئىرىيەت تارىخىمىزغا بەلگىلىك ھەسسە قوشتى.

△ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ - فارابى ئىلغار ئىجتىمائى ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى».
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1981 - يىل 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ئىلمىي ماقالىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى بويىچە ئىككى ئالىمنىڭ ئىجتىمائى كۆز قاراشلىرى، بەخت قاراشلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان ۋە فارابىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائى ئىدىيىلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ مۇھىم غايىۋى ھۇلى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ مۇھاكىمە يۈسۈپ خاس ھاجىپ توغرىسىدىكى ھەر خىل ناتوغرا ئىزاھاتلارنى تۈزەشكە قارىتىلغان.

△ «قۇتادغۇ بىلىكنىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا».
«شىنجاڭ گېزىتى» 1984 - يىل 16 - ئاۋغۇست؛ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1985 - يىل 1 - سان؛ «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1985 - يىل 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ئىلمىي ماقالىدا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ تارىخى قىممىتى، پەلسەپىۋى قىممىتى، تەلىم - تەربىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىلمىي قىممىتى، ئۇنىڭ ئىجابى ۋە سەلبى جەھەتلىرى، ھازىرقى زامان «بىلىك» شۇناسلىقى مەسىلىلىرى ئىخچام يەكۈنلەنگەن.

△ «ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە».

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984 - يىل 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئىلمىي ماقالىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت - ھاكىمىيەت، ھوقۇق - قانۇن ئەلىماتلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاساسى قانۇن ماتارىخىزىملىق قاراشلىرى تەتقىق قىلىنغان.

△ «قۇتادغۇبىلىك ۋە ماتارىپشۇناسلىق مەسىلىلىرى».

«شىنجاڭ ماتارىپى» ژورنىلى 1984 - يىل 3 -، 4 - سانلاردا.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئىلمىي ماقالە 6 تېمىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»، داستانىدىكى ئىلىم - پەن، ماتارىپ ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرى بىر سىستېما سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىنغان. بۇ ماقالە «‹قۇتادغۇ بىلىك› تەتقىقاتى» ناملىق كىتابقا تاللانغان.

△ «فارابىنىڭ ئېستېتىكىلىك قاراشلىرى توغرىسىدا».

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1985 - يىل 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا فارابىنىڭ تەسەۋۋۇر، تەسەۋۋۇر شەكىللىرى، تەقلىدىيەت ۋە بەدىئىي ئوخشۇتۇش، شېئىرى پىكىر ۋە شېئىرى تىل، مۇزىكا - سەنئەت گۈزەللىكلىرى توغرىسىدىكى ئېستېتىك قاراشلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىنغان ۋە ئىمكان قەدەر فارابىنىڭ ئەسلى سۆزلىرى كۆپلەپ تونۇشتۇرۇلغان.

△ «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى تەسۋىرى».

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى»نىڭ 1984 - يىل 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالە تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىغا ئاساسلانغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەڭ قەدىمقى دەۋرلەردىن تاكى يېقىنقى يىللارغىچە بولغان تارىخىنى بىلىش تارىخى سۈپىتىدە قىسقىچە تەسۋىرلەشكە قارىتىلغان.

△ «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار ئالىمى ئىبنى سىنا»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1980 - يىل 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالە ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان ئىدى.

ئەينى يىللار شارائىتىدا ئۇلۇق ئالىمنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان بۇ ماقالىدا ئىبنى سىنانىڭ هايات پائالىيىتى، ئەسەرلىرى، پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ فارابى بىلەن بولغان ئىدىيىۋى مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ 3 - ئۇستاز، 2 - فارابى دەپ شۆھرەت قازانغانلىقى قاتارلىقلار مۇھاكىمە قىلىنغان.

△ «(ئەلقانۇن فىت تىب) ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى».
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984 - يىل 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
1980 - يىلى يېزىلغان بۇ ماقالە ئىبنى سىنانىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان 2 - ماقالە بولۇپ، 3 - توملۇق «ئەلقانۇن»نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرىنى ناتۇرال فانتىزىملىق مەزمۇن ئاساسىدا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قارىتىلغان ئىدى. بۇ ماقالە «ئەلقانۇن»نىڭ تىبابەتچىلىك ساھەسىدىكى غايەت زور تارىخى تۆھپىسىنى تىلغا ئالغان.

△ «ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغۇنىشى».
«كىتاپلارغا باھا» ژورنىلى 1980 - يىل 4 - سان، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» خەنزۇچە 1982 - يىل 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ماقالىدا خەلىپە هارۇن رەشىت ۋە خەلىپە مەمۇت زامانىسىدىن باشلانغان ئەرەب مەدەنىيىتى گۈللىنىشى، ئۇنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئەزىمەتلىرى، بولۇپمۇ فارابىنىڭ تۆھپىسى، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغۇنىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ باسقۇچلىرى تىلغا ئېلىنغان.

★

△ «تىب مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى بىر قانچە قاراشلىرىمىز».
«شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» ئىلمىي ژورنىلى 1956 - يىل 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالە ئەينى يىللاردىكى مالىنكوۋنىڭ سىياسى هادىسە تىپىك هادىسە دېگەن ھۆكۈمىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ يېزىلغان. كېيىنچە «گۇنا» سۈپىتىدە جازا سەۋەپلىرى بولغان.
ئىلمىي ماقالىدا رېئاللىقتىكى سەنئەت، تىپىك ئوبراز، سەنئەتتە تىندىنسىيە ۋە پارتىيىۋىلىك قاتارلىق مەسىلىلەر رېئاللىق ۋە ئىنكاس، ئىنكاس ۋە ئوبراز، هادىسە ۋە ماھىيەت، ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىك، تىپىكلىك ۋە ئىندىۋىدۇاللىق قاتارلىق ئىستېتىكىلىق

جەھەتلەردە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەمەلىيەت بىلەن كۆز قاراشنىڭ توغرىلىقىنى تەكرار ئىسپاتلىغان.

△ «ئېستېتىكىلىق تەربىيە ۋە ئۇنىڭ رولى»
«شىنجاڭ مائارىپى» ژورنىلى 1982 - يىل 10 -، 12 - سانلار،

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ئىلمىي ماقالە ئاممىنىڭ باھالىشى بىلەن مۇكاپاتلانغان. ماقالىدا ئېستېتىك تەربىيەنىڭ مۇھىملىقى، مەزمۇنلىرى ۋە روللىرى ئېستېتىكىلىق نۇقتىدىن ئىزاھلانغان.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىش تىزىسلىرى».
«بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 - يىل 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ تۇنجى شۇ خىل تىزىس بولۇپ ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئىشلەشنىڭ ئومۇمىي جازىسىنى روشەنلەشتۈرۈش قىممىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

△ «زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى».
«تارىم» ژورنىلى 1979 - يىل 11 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ئىلمىي ماقالە مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە شېئىرلىرىدىكى ئىلغار ئىدىيىۋى پىكىر ۋە بەدىئىي ماھارەتكە قارىتىلغان.

△ «مۇھەممەت سادىق كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى»
«بۇلاق» مەجمۇئەسى 1985 - يىل 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ئىلمىي ماقالىدا مۇھەممەت سادىق كاشغەرىنىڭ ھايات پائالىيىتى، ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ تەزكىرە ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە ئورنى، ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

△ «‹جاھاننامە› نىڭ مۇقەددىمە ماقالىسى».
«بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1984 - يىل 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىدا ئاياز بېك قوشچىنىڭ ئورنى، ئۇنىڭ

«جاھاننامە» داستانىنى بادەخشان ئۇرۇشى قونالغۇسىدا شاھزادىغا سۆزلەپ بېرىشى ۋە شاھزادە ئابدۇرشىتخان تەكلىپى بىلەن بۇ داستاننى يېزىپ چىقىشى، داستاننىڭ مەزمۇنى، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى سۆزلەنگەن.

△ «12 مۇقام ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1984 - يىل 3 - سان، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى» ناملىق خەنزۇچە كىتابقا بېسىلغان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە خەلق سەنئىتى بىلەن مۇقاملار، 12 مۇقام مۇزىكا ۋە تېكىستلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى سۆزلەنگەن.

△ «12 مۇقام ۋە ئامانىساخان»

«شىنجاڭ سەنئىتى» خەنزۇچە 1982 - يىل 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا ئامانىساخاننىڭ ھايات پائالىيىتى، ئەسەرلىرى، مۇقاملارنى يۈرۈشلەش - تۈزۈشتىكى ئاجايىپ سەمەرىلىك تۆھپىسى مۇھاكىمە قىلىنغان.

△ «12 مۇقام ۋە تۇرداخۇن ئاكا».

«شىنجاڭ سەنئىتى» 1981 - يىل 1 - سان، «شىنجاڭ سەنئىتى» خەنزۇچە 1981 - يىل 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالە تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان بولۇپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ 12 مۇقامنى ساقلاپ قېلىشتىكى رولى، جۈملىدىن مۇقاملارنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئىزاھلانغان.

△ «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقامنى تونۇشتۇرۇش»

«شىنجاڭ سەنئىتى» خەنزۇچە 1983 - يىل 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالە 12 مۇقامنىڭ مەنبەلىرى، تارىخى ۋە مۇزىكىلىق تۈزۈلۈشى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. ماقالە خەنزۇ يولداشلارغا مۇقام ھەققىدە ئومۇمىي يۈزلۈك چۈشەنچە بېرىش ئېھتىياجى بىلەن تاللاپ ئېلان قىلىنغان.

△ «رۇخسارى مۇقامى ۋە زىكرى ئەلپەتتا»
«شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا زىكرى ئەلپەتتانىڭ رۇخسارى مۇقامى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان.

△ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئىپتىخارى»
«شىنجاڭ سەنئىتى» 1985 - يىل 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ماقالە زىكرى ئەلپاتتانىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرى، ھايات پائالىيىتى، سەھنە ھاياتى، مۇزىكىلىق ئىجادىيىتى، رۇخسارى مۇقامىنى ئىشلەش جەريانى، ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھاياتى، مۇنەۋۋەر پەزىلەتلىرىنى بايان قىلغان.

△ «پەرھاد - شېرىن تىراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ رىۋايەت شەكىللىرى»
«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1982 - يىل 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا ئاساسلىقى پەرھاد-شېرىن تىراگېدىيىسىنىڭ ھەر خىل رىۋايەت شەكىللىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكىللىرى ئالاھىدە ئىزاھلانغان.

△ «ئۇيغۇر دىراما سەنئىتىنىڭ يېڭى باھارى»
«شىنجاڭ سەنئىتى» خەنزۇچە 1984 - يىل 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا تارىخ ۋە رىئال دىراما ئەسەرلىرى مىسالى ئارقىلىق تىياتىر سەنئىتىگە خاس بىر قاتار ئىستېتىكىلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان.

△ «قەدىمقى كوسەن كىلاسسىك ئۇسسۇلىنىڭ يېڭى ھاياتقا قايتىشى»
«شىنجاڭ گېزىتى» 1984 - يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا قەدىمقى كوسەن كىلاسسىك ئۇسسۇلىنىڭ مەۋجۇتلىقى، ئۇنى ھازىرقى زامان سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىشتا «كوسەن بەزمىسى» ئۇسسۇلىنىڭ تۆھپىسى سۆزلەنگەن.

△ «قەدىمقى كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»
«شىنجاڭ سەنئىتى» 1985 - يىل 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ چوڭ ھەجىملىك، 5 ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىدا ئۇيغۇر قەدىمقى ئۇسسۇللىرى يادىكارلىقلىرىنىڭ قىيا تاشلاردىكى ئىپادىلىرى، قەدىمقى كۇسەن مەدەنىيىتى، بۇددىزىم بىخارىلىرى، مەشھۇر بۇددا ئالىملىرى، مىڭ ئۆيلەردىكى ئۇسسۇللۇق رەسىملەر، تاڭ شائىرلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى مەدھىيىلەپ شېئىر يازغانلىقى، قەدىمقى كۇسەن ئۇسسۇللىرىدىكى ئىستېتىك پىرىنسىپلار، كۇسەن بودا كېمىرلىرىنىڭ تارىخى قىممىتى قاتارلىقلار بىر قەدەر تەپسىلى سۆزلەنگەن. پايدىلىنىش ئەدەبىياتلىرى تىلغا ئېلىنغان.
بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىمۇ ئىشلەنگەن.

△ «يۈكسەك قەلبنىڭ شېئىرى ھەيكىلى»
«شىنجاڭ كوتۇپخانىچىلىقى» 1984 - يىل 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان نۇرمۇھەممەت ئىركىننىڭ ھايات پائالىيىتى، شېئىرى ئىجادىيىتى، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەنىۋى ۋە بەدىئىي پىكىر مۇھاكىمە قىلىنغان. شائىرنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈلگەن.

△ «ئۈرۈمچىنىڭ ھەر خىل يەر ناملىرى ھەققىدە»
«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 - يىل 23 - ،... سانلىرى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالە 7 قىسىم بولۇپ، تارىخى پاكىتلار ئارقىلىق ئۈرۈمچىنىڭ ھەر خىل يەر ناملىرى ھەققىدىكى مەلۇمات ۋە كۆز قاراشلارنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۈرۈمچى توپونىمىيىسىگە ئائىت ھۆكۈم خاراكتېرى ئالمىغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

△ «ئۇرۇۋقاڭقى ۋە ئۇرۇۋقاڭقىلىقلار»
«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1983 - يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالە ئۈرۈمچى ئەتىراپىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئاساسىدا ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ھاياتىنى ۋە تارىخى خاتىرىلەر ئاساسىدا ئۈرۈمچى شەھەر قەلئەسىنىڭ غەربىي دىياردا ئىپتىدائىي بوستان مەملىكەتلىرى شەكىللەنگەن دەۋردە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە يېزىلغان.

△ «ئىستېتىكا قانداق پەن»

«شىنجاڭ ئىشچىلىرى» گېزىتى 1984 - يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:

ئىستېتىكا ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش خاراكتېرىدىكى ئاممىباپ ماقالە.

## C

△ «چۈيۈەن. توققۇز نەزىم»

مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

چۈيۈەننىڭ جەنگو دەۋرىدە قەدىمقى زامان تىل - يېزىقى بىلەن يازغان بۇ بىر توپلام شېئىرلار ئۆزىنىڭ مەزمۇنى، پىكىر - ھېسسىياتى، ھەر قايسى نەزمىلەرنىڭ بېيىت شەكلى، كۇبلېت شەكلى ئالاھىدىلىكلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتاپ جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى ئوقۇتۇشتا چۈيۈەن ئەسەرلىرى تەرجىمىسىدىكى بىر خىل بولماسلىق ھالەتكە خاتىمە بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

△ «چوغلۇق قىز»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل «باھار شاماللىرى» مەجمۇئەسى.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ مەشھۇر فىرانسۇز يازغۇچىسى ئالېكساندىر دوماس فىلىسنىڭ شۇ ناملىق دىرامىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئالدىغا بىر كىتاپ سۈپىتىدىكى سچۈەن نەشرىياتى نەشر قىلغان خەنزۇچە نۇسخىدىن ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغان. كىتاپ ھەجمى 144 بەت.

## D

△ «كىسىلگەن تۇلاق» ناملىق ھىكايە

1951 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» كۈزدىكى سانى.

△ «تاش پەرى» (ھىكايە)

«تارىم» 1980 - يىل 3 - سان.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا ئاپتورنىڭ «تاڭ تەنتەنىلىرى» قاتارلىق نەسىر ۋە بىر مۇن-

چىلىغان شېئىرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «سى شۈەنكەن» ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتنىڭ يەرلىك ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان.

شېكسپىر زونېتلىرى، لى بەي، بەي جۈيى، ۋاڭ ۋېي، لى چىڭ جاۋ، شېئىرلىرىدىن قىلغان تەرجىمىلىرى «باھار شاماللىرى» مەجمۇئەسى، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژورناللىرىدا ئېلان قىلىنغان.

# ئابلەت ئۆمەر

## A

△ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى»

شىنجاڭ داشۆ نەشرى 1980 ـ يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

ئىككى قىسمىدىن تۈزۈلگەن بۇ كىتاب، مۇقەددىمە بىلەن قوشۇلۇپ 10 باپتىن تەركىب تاپقان. كىتابتا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى خېلى روشەن يورۇتۇلغان ۋە بىر قەدەر سىستېمىلىق شەرھىلەنگەن. ناتوغرا ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاراشلىرى كۈچلۈك تەنقىد قىلىنىپ، ماركسىزىملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىماتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

△ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1984 ـ يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

جەمئىي 559 بەت، 500 مىڭ خەت. بۇ كىتاب مۇقەددىمە بىلەن قوشۇلۇپ 12 باپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاپتور كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن 1 ـ، 4 ـ ۋە 11 ـ باپلىرىنى يازغان ۋە تەھرىرلىگىنى ئىشلىگەن. بۇ باپلاردا ماركسىزىملىق ئەدەبىيات تەلىماتى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش ئاساسىدا خېلى سىستېمىلىق ۋە ئەتراپلىق شەرھىلەنگەن ۋە يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئالاھىدىلىكى، تەرەققىياتى، خاراكتېرى، ئۇسلۇب ۋە ئۇسۇل قاتارلىق مەسىلىلەر تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن.

△ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»

بېيجىڭ «مىللەتلەر نەشرىياتى» 1984 ـ يىل نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاب جەمئىي 584 بەت، (300 مىڭ خەت) بولۇپ، مۇقەددىمە بىلەن

قوشۇلۇپ 11 باپتىن تەركىپ تاپقان. بۇ كىتاپ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن قوللانما. كىتاپتا ئەدەبىياتنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى تۇرمۇش قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئوبراز، تىپ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى، ژانىر - تۈرلىرى، دۇنيا قاراش ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئۇسلۇپ ۋە ئېقىم، ئەدەبىي زوق ۋە ئەدەبىي تەنقىت، ئەدەبىي مىراس ھەم ۋارىسلىق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان. كىتاپتا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرلىرى تەنقىت قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

△ «ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش». (ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىلار توپلىمى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاپتا ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار ۋە باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ كىتاپ ئاپتورنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىيات تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى. ئاپتور ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەرنى خېلى روشەن يورۇتۇپ بېرەلىگەن.

## B

△ «ئەدەبىيات - تۇرمۇش دەرسلىكى»

«شىنجاڭ گېزىتى» 1965 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

△ «شانلىق شېئىر، جەڭگىۋار چاقىرىق»

«شىنجاڭ گېزىتى» 1965 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

△ «جۇڭسۇن جان تالاشماقتا» (فېليېتون)

«شىنجاڭ گېزىتى» 1965 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

△ «سۇ بويىدا» رومانىغا باھا

«كىتاپلارغا باھا» 1975 - يىل 1 - سان

△ «چەكسىز مېھىر - شەپقەت، چوڭقۇر مۇھەببەت»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» (خەنزۇچە) 1976 - يىل 3 - سان

△ «ئەدەبىيات - رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى»

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1978 - يىل 6 - سان

△ «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باھارىنى كۈتىۋالايلى»

«كىتابلارغا باھا» 1978 - يىل 2 - سان

△ «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى»

«كىتابلارغا باھا» 1978 - يىل 4 - سان

△ «تۇرمۇش چىنلىقى ۋە بەدىئىي چىنلىق»

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1979 - يىل 2 - سان

△ «تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى باتۇرلارغا ئوقۇلغان مەدھىيە»

— «تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان» دىرامىسىغا باھا

«شىنجاڭ گېزىتى» 1978 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

△ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ھەققىدە مۇلاھىزە

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1979 - يىل 11 - سان

△ «مۇزتاغقا كەلگەن مېھمان» ياخشى فىلىم

«شىنجاڭ گېزىتى» 1979 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

△ «قۇللۇقتىن گېنېراللىققىچە» گە باھا

«شىنجاڭ گېزىتى» 1979 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

△ «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلقچىللىقى»

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1980 - يىل 3 - سان

△ «چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك»

— رەڭلىك كەڭ ئېكرانلىق ھېكايە فىلىم «غېرىپ - سەنەم» گە باھا

«شىنجاڭ گېزىتى» 1981 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

△ «ئا. پ. چېخوپ»

«شىنجاڭ ياشلىرى» 1980 - يىل 4 - سان

△ «لۇشۈن ۋە لۇشۈن فېلىيېتونلىرى»

«شىنجاڭ داشۆ گېزىتى» 1981 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

△ «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ يالقۇنلۇق ياشلىقى»

«شىنجاڭ ياشلىرى» 1982 - يىل 1 - سان

△ ئەخمەت يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1981 - يىل 3 - سان

△ كۆرەشچان يىللارنىڭ زەپەر مارشى

— «كۆرەشچان يىللار» رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1982 - يىل 4 - سان

△ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە رېئالىزم روھى»

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) 1982 - يىل 2 - سان

△ «ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى - چۈيۈەن»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىل 2 - سان

△ «ئۇلۇغ ئىنقىلابچى ۋە ئۇلۇغ يازغۇچى»

«يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ لۇشۈن ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى
بىلەن چىقارغان ماقالىلار توپلىمى» 1981 - يىل

△ «مۇھەببەت ۋە ئىجادىيەت»

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1982 - يىل 3 - سان

△ «ئەدەبىيات بىلەن پەلسەپەنىڭ مۇناسىۋىتى»
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىل 4 - سان

△ «خەلق سەنئەتكارى - جاۋشۇلى»
«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1958 - يىل 8 - سان

△ «قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس»
«شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە) 1979 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

△ «ئەدەبىيات - تىل سەنئىتى»
«تىل ۋە تەرجىمە» 1980 - يىل 1 - سان

△ «ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا»
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1980 - يىل 2 - سان

△ «ئەدەبىيات گۈلزارىمىز تېخىمۇ باراقسان بولسۇن»
«شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە) 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

△ «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى»
«كىتابلارغا باھا» 1978 - يىل 4 - سان

△ «رەنانىڭ تويى» ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى
«شىنجاڭ گېزىتى» 1983 - يىل

△ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» خەنزۇچە 1979 - يىلى 3 - سان

△ «تىپ ۋە تىپىكلەشتۈرۈش»
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1980 - يىل 4 - سان

△ «گۈلدۇرمامىلىق يامغۇر» ۋە ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئوبراز
«تىيانشان ئېكرانى» 1984 - يىل 8 - سان

△ «كىنو سەنئىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى»

«تيانشان ئېكرانى» 1984 - يىل 3 - سان

△ «كىنو سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى»

«تيانشان ئېكرانى» 1984 - يىل 4 - سان

△ كىنودىكى «مونتاژ»

«تيانشان ئېكرانى» 1984 - يىل 5 - سان

△ «كىنو سىنارىيىسى ھەققىدە»

«تيانشان ئېكرانى» 1984 - يىل 6 - سان

△ «كىنو ئوبزورى»

«تيانشان ئېكرانى» 1984 - يىل 7 - سان

△ «ئىنسان تەبىئىتى، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ياتلىشىش»

«ئاممىۋى مەدەنىيەت» 1984 - يىل 3 - سان

△ «ماركس بىلەن ژېننىڭ مۇھەببىتى»

«شىنجاڭ ئاياللىرى» 1984 - يىل 5 - سان

△ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئاساسىي نەزىرىيىۋى بىلىمنى ئىگەللەش لازىم.

بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى «مىللىي كىتاب ئورمانزارى» گېزىتى

1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

△ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى

— شىمالىي جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە يىغىنىنىڭ ئىلمىي

ماقالىسى (خەنزۇچە)

△ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىدىيىۋىلىكى ھەم بەدىئىيلىكى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984 - يىل 3 - سان

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقى»

«شىنجاڭ كوتۇپخانىچىلىقى» 1984 - يىل 1 - سان

△ «كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى»

«شىنجاڭ مائارىپى» 1985 - يىل سانى

△ «مىللىي خۇسۇسىيەت ۋە ئىسىل خىسلەت»

بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئىشلىگەن «كىنو سەنئىتى» ناملىق توپ- لام، 1985 - يىل

△ «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە قۇتادغۇ بىلىكشۇناسلىق

«قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق توپلام، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىل

C

△ «لۇشۈن فېليېتونلىرىدىن تاللانمىلار»

«لۇشۈن ژاۋىنلىرى» 1 - 2 - قىسىم بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

△ «ۋېنخۇشەننى پەم بىلەن ئېلىش» (دىراما)

«قىزىل بايراق ژورنىلى» 1967 - يىل 8 - سان

△ «مىڭلىغان تاغ - دەريالار» (دىراما)

«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1969 - يىل

△ «گولدۇرماما» (دىراما)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» 1981 - يىل 5 - سان

△ «چەتئەل ئەدىبلىرى ھەققىدە ھېكايىلەر» (1 - قىسىم)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل

△ «چەتئەل ئەدىبلىرى ھەققىدە ھېكايىلەر» (2 - قىسىم)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل

△ جۇ ئېنلەي، گومورو، چېن يى، چېن خۇاڭمېي، شايەن، زاڭ كېجيا قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ماقالا - ئەسەرلىرى (30 پارچە)

△ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ئەسەرلىرى (15 پارچە)

△ «مۇرادىغا يېتىش» (تېلېۋىزىيە تىياتىرى)

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاۋازغا ئالغان

△ «ئېكۋاتور جەڭ دۇمبىقى»، (دىراما)

شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇنلىغان

△ «مەشھۇر چەتئەل ئەدىبلىرىنىڭ تەرجىمىھالى»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل

△ «ۋوسۇڭ» (تېلېۋىزىيە تىياتىرى)

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاۋازغا ئالغان.

## ئابدۇرېشىت ئىسلامى

△ «تەجەللى (ھۈسەيىن)» شېئىرلىرى

«كىتاپلارغا باھا» 1978 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ «بەرقى تەجەللى ۋە سەبىقى مۇجەللى» دىن تاللانما شېئىرلاردۇر. كىتاپنىڭ ئاساسى مەزمۇنىدا:

1) تاللانمىدا تەجەللىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن قەشقەر شەھىرىدىكى دوستى سىلىم ئاخۇنۇمغا يازغان بىر پارچە سالام خېتى كىرگۈزۈلگەن. بۇ خەتتە ئۆز كۆڭلىدىكى ئارزۇ-پىكىرلىرىنى بايان قىلىش بىلەن شەيئىلەرنىڭ رەڭگىدە «قارا» رەڭنىڭ بارلىق رەڭلەردىن ئەۋزەل ۋە ئەلالىغى بايان قىلىنغان ۋە شائىرنىڭ سۆز ماھارىتى ۋە شائىرلىق تالانتىنى نامايەن قىلىنغان.

2) كىتاپتا «تاغ» ھەققىدە بىر شېئىر بار. شۇنداقلا تەجەللىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىمۇ بېرىلگەن.

△ «تەجەللىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما»

«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» دا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل

△ «غېرىبى»

«بۇلاق» 1982 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

مەسنەۋى شېئىر شەكلىدىكى 2000 مىسرالىق بۇ ئەسەردە 37 ھۈنەرۋەن كاسىپلارنىڭ كەسپى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن خىزمەت، تۆھپىلىرى تەسۋىرلەنگەن ۋە 18 - ئەسىردە قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئەسۋاپلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس جابدۇقلار، ھەربى قۇراللار سۆزلەنگەن.

△ «دىۋانى مەھزۇن»
ئاپتورى مەھزۇن.
«بۇلاق» 1983 - يىل

خوتەنلىك شائىر مەھزۇننىڭ 1700 مىسرالىق بۇ دىۋانىدا لىرىك شېئىرلار كۆپ بولۇپ، شېئىرلاردا مۇھەببەت، نەسىھەت، مەۋئىزەلەردىن ئىبارەت مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن.

△ «دىۋانى موللا بىلال» (شېئىرىي ئەسەر)
«تارىم» 1983 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ خوتەنلىك شائىر موللا بىلال خوتەننىڭ 800 مىسرالىق شېئىرلار دىۋانى بولۇپ، بۇنىڭدا مەنتىقۇتتەيىر (قۇش تىلى)، قۇشلارنىڭ دىئالىكتىك مۇنازىرىسى ئارقىلىق نەسىھەت - مەرىپەت بايان قىلىنىدۇ.

△ «سەبۇرى» (شېئىر ۋە نەسرى ئەسەر)
«بۇلاق» 1984 - يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ دىۋان 510 بەت بولۇپ، مىرھۇسەيىن سەبۇرى قەشقەرىينىڭ ئەسرى. ئەسەردە ئىجتىمائى ئەخلاق، ئىلمۇ - ھىكمەت مەسىلىلىرى سۆزلەنگەن.

△ «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسىغا باھا (ماقالا)
«شىنجاڭ گېزىتى» 1979 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ماقالىدا «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى سۆزلىنىدۇ.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىۋى ۋارىسلىق»
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1983 - يىل 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يىراق تارىختىن ھازىرغىچە ئۆتكەن ئەدىب-شائىر-لىرى ۋە ئۇلارنىڭ قالدۇرغان ژىرىك ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

△ قابۇسنامە

«قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» نەشرى 1983-يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

«قابۇسنامە» ناملىق كىتاپ مىلادى 9-ئەسىردە (ھىجرىيە 3-ئەسىردە) ياشاپ ئىجات ئەتكەن پارس مۇتەپەككۇرى شەمسۇلما ئالى ۋە شىمىكىر قابۇسنىڭ يېزىپ قالدۇرغان نادىر ئەسەرلىرىدىن بىرى. ئەسەر 29 باپلىق بولۇپ، 100 مىڭ خەتچە كېلىدۇ. بۇ كىتاپ ئۆز زامانىسىغا يارىشا خېلى ئىلغار كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئەينى زاماندا بەلگىلىك ئىلغار رول ئوينىغان.

كىتاپ دىداكتىكىنىڭ (نەسىھەتنامە) خاراكتېرىدە بولۇپ، ئومۇمەن كىشىلىك مۇناسىۋەت-لىرى، ئىجتىمائى-ئەخلاق مىزانلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئەسەردە ئادەمگە ئىجابى تەسىر كۆرسىتىدىغان ھېكمەتلەر كۆپ. كىتاپ يالغۇز تارىخى ئىبتىۋارى بىلەنلا ئەمەس، يەنە ھازىرى رىياللىقىمىزدىكى ئىبتىۋارى بىلەنمۇ خېلى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

كىلاسسىك ئەدەبىياتنى ھازىرقىلارغا تونۇشتۇرغۇچى بۇ كىتاپنى، پارسچە نۇسخى-دىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

# ئابدۇكېرىم راخمان

## A

### نەشىر قىلىنغان كىتابلار

△ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى①

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئىلمىي - نەزەرىيىۋى كىتاب، جەمئىي 250 مىڭ خەت ئەتراپىدا. كىتابتا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئىجادىي ھالدا بىر قەدەر سىستېمىلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، مۇقەددىمە قىسمىدىن باشقا جەمئىي 10 بابقا بۆلۈنگەن. مۇقەددىمە قىسمىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتتىن پەرقى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىماتىك مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ھەمدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە ئىلمىي چۈشەنچە بېرىلگەن. قالغان بابلاردا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ژانىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تۈرلىرى كونكرېت، ئەمەلىي مىساللار بىلەن بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بابىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىك شەكىللىرى توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ باب ئېتنوگرافىيە جەھەتتىن بەلگىلىك مەلۇماتلارنى بېرەلەيدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. شۇ سەۋەبتىن 1983 - يىلى موسكۋادا ئېچىلغان جوڭگو كىتابلىرى كۆرگەزمىسىگە قويۇلدى ۋە 1984 - يىل شاڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كىتابلار كۆرگەزمىسىگە قويۇشقا بېكىتىلدى.

△ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1981 - يىل

---

① بۇ كىتاب يولداش مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن ئىجادىي ھەمكارلىقتا يېزىلغان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاب ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ 1- توپلىمى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان 8 داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار «نۇزۇگۇم»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «سېيىت نوچى»، «ئابدۇراخمان غوجا»، «قىزدىلگولوم»، «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان»، «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان»، «غېرىپ ـ سەنەم» لەردىن ئىبارەت. بۇ داستانلارنىڭ بەزىلىرى خەلقنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلەپ ئالغان نۇسخىغا ئاساسەن بىر قەدەر ئىجادىي ھالدا رەتلەنگەن، بەزىلىرى خەلق ئاغزىدىكى ھەر خىل ۋاريانتلىق ئىپىك قوشاقلار ۋە رىۋايەتلەر ئاساسىدا بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ، داستان سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن. كىتابنىڭ باش قىسمىغا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان.

ئاپتور تۈزگەن بۇ كىتاب ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ داستانچىلىق تەتقىقاتىدا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. شۇنىڭدەك بۇ كىتاب ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن قايتا نەشر قىلىنىپ، 80 مىڭ تىراژ بىلەن تارقىتىلدى. كىتاب ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن «سېيىت نوچى» داستانى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1979 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە مۇنەۋۋەر خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

△ تېپىشماقلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بۇ كىتابقا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى 480 تېپىشماق تاللاپ كىرگۈزۈلگەن (6 پارچە چۆچەكلىك تېپىشماق بۇنىڭ سىرتىدا) بۇ تېپىشماقلار ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە رەتلەنگەن بولۇپ، خىلى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

كىتابنىڭ باش قىسمىدا مۇقەددىمە سۈپىتىدە تېپىشماقلار ھەققىدە ئىلمىي چۈشەنچە بېرىلگەن. ئۇنىڭدا تېپىشماقلارنىڭ تەرىپى، تېپىشماقنىڭ ئۆزىگە خاس ژانىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى، تېپىشماقلارنىڭ مەزمۇنى، تېپىشماقلارنىڭ بەدىئىي شەكلى ۋە پوئېتىك خۇسۇسىيەتلىرى، تېپىشماقلارنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەر ئىلمىي ھالدا بايان قىلىنغان.

ئاپتور نەشرىياتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆتكەن يىلى بۇ كىتابنىڭ قايتا تولۇقلانغان نۇسخىسىنى تەييارلاپ نەشرگە بەردى.

△ نوزۇگۇم ①

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1981 يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاب خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ ئۈچ پارچە ئۇيغۇر خەلق داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەنزۇچە تەرجىمىسىنى يولداش لى جىڭيا ئىشلىگەن.

بۇ كىتاب ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈلگىلىرىنى قېرىنداش مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بۇ داستانلاردا ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ جاھالەتلىك فېئودالىزم تۈزۈمىگە قارشى ئىسيانكارلىق روھى ۋە باتۇرلۇق ئىش - ئىزلىرى، بەخت - سائادەتكە بولغان ئىنتىلىشلىرى، سۆيگۈ ساداقىتى ئىلمىكلىك ھالدا بايان قىلىنغان.

△ ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى 1981- يىل

كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

ئاپتور تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بۇ كىتابقا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەسىرلەر مابەينىدە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن ھەر خىل تېمىدىكى 150 پارچىدىن ئارتۇق بېيىت رەتلەپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن ئېتىنىك بېيىتلار، مەشرەپ بېيىتلىرى، ئېرىسالنامىلار، ھەر خىل تېمىدىكى بېيىتلار، پارچە بېيىتلار، يەرلىك بېيىتلار (قومۇل بېيىتلىرى، لوپنۇر بېيىتلىرى) دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنگەن.

كىتابنىڭ باش قىسمىغا «تەھرىردىن ئىلاۋىسى» يېزىلىپ ئۇنىڭدا بېيىتنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى، بېيىتلار بىلەن ئادەتتىكى قوشاقلارنىڭ پەرقى، ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئى شەكىل خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلگەن.

△ ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1980 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور رەتلىگەن بۇ كىتاب خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرچىدىن

① بۇ كىتاب يولداش لى جىڭيا بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈزۈلگەن.

يولداش سۈيۈ تەرجىمە قىلغان. كىتابقا بىر قەدەر تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان 80 پارچە ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر تېپىشماق ئۈچۈن مەخسۇس بىر پارچىدىن ئىپادىلىك سۈرەت بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۈرەتلىك كىتاب مەكتەپ يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ ئويلاش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى قوزغىشىغا يېقىندىن ياردەم بېرەلەيدۇ.

△ تاھىر ۋە زوھرا ①

سىچۈەن مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى 1982 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور توپلاپ رەتلەپ تۈزگەن بۇ كىتاب خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر 3 پارچە مۇھەببەت داستانى كىرگۈزۈلگەن. بۇ داستانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەزمۇنى ماھىيىتىدە ساپ مۇھەببەت. سۆيگۈ - ساداقەت، ۋاپادارلىق، مەرتلىك، گۈزەل ئەخلاق ئۇلۇغلىنىدۇ، فېئوداليزمنىڭ چىرىك تۇرمۇش قارىشى - ۋاپاسىزلىق، نامەرتلىك، ئالدامچىلىق، رەھىمسىزلىك... قاتارلىقلار چوڭقۇر پاش قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ فېئوداليزمنىڭ مەنىۋى ئىسكەنجىسىگە قارشى باتۇرانە كۈرەشلىرى مەدھىيىلىنىدۇ.

بۇ داستانلار كۈچلۈك مىللىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي - ئىستېتىك تۇيغۇلىرى نامايان قىلىنغان.

△ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر②

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى 1982 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور تۈزگەن بۇ كىتاب ئىلمىي ماقالىلارنىڭ توپلىمى بولۇپ، ئۇ ئىچىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە ۋە پەلسەپە تارىخىغا ئائىت جەمئىي 10 پارچە ماقالىنى ئالغان. بۇ ماقالىلاردا ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن قەدىمقى كۆسەنلىك ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى كۇمراجىۋا ھەمدە بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئالىم فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەت يۈگنەكى قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئىجتىمائىي - پەلسەپە تارىخىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرى نۇقتىلىق شەرھىلەنگەندىن تاشقىرى، شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەسەۋۋۇرلار، ئۇيغۇر پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە

① بۇ كىتاب يولداش لى جىڭيا بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈزۈلگەن.
② بۇ كىتاب يولداش ئىسلامجان شېرىپ بىلەن ھەمكارلىقتا تۈزۈلگەن.

تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ تىزىسلىرى قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلارمۇ بايان قىلىنغان. بىز ماقالىلارنىڭ مۇئەللىپلىرى ئاساسەن مۇشۇ ساھە بويىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتلىرى ۋە لېكتورلىرىدىن ئىبارەت.

△ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى 1983 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

كىتاب ئىككى قىسىملىق بولۇپ، جەمئىي 16 باپ. بىرىنچى قىسىم 7 باپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى بايان قىلىنغان. يەنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (فولكلور) ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى (ئاغزاكىلىق، كوللېكتىپچانلىق، ئۆزگىرىشچانلىق، ۋارىسچانلىق)، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى ۋە تەسىرى، خەلق ئەدەبىياتچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ئۇسۇل ۋە پرىنسىپلىرى قاتارلىق ھالقىلىق مەسىلەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا تەدبىقلانغان ھالدا بايان قىلىنغان.

2 - قىسىمدا ئاساسەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈر ۋە ژانىرلىرى تونۇشتۇرۇلغان. يەنى، قوشاقلار، ماقال - تەمسىللەر، تېپىشماقلار، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر، ھېكايە - چۆچەكلەر، لەتىپە ۋە چاقچاقلار. خەلق داستانلىرى، ئەلنەغمە تىياتىرلىرى، باللار فولكلورى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم سۆزلەنگەن. ئاپتورنىڭ مەزكۇر كىتاۋى 83 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتلىرىدا بىر - دەك مىللى دەرسلىك سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا.

△ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ★

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى 1984 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتلىرى ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلىدىغان دەرسلىك قوللانما. ئۇنىڭدا ئەدەبىياتنىڭ تۈپ نەزەرىيىۋى قانۇنىيەتلىرى - دىن — ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى، ئەدەبىياتنىڭ تۈر ۋە ژانىرلىرى، ئەدەبى -

---

★ ئاپتور بۇ كىتاپنىڭ 5 - 6 - 10 - باپلىرىنى (150000 خەت) يازغان.

مىراس ۋە ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىلىرى بايان قىلىنغان. مەزكۇر كىتابنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن تۈزۈلگەن ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرىدىن پەرقى شۇ يەردىكى، بىرىنچىدىن نەزەرىيە جەھەتتىكى ئىدىيىۋى ئازاتلىق گەۋدىلەنگەن، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى بەزى قاتمال كۆز قاراشلار تۈزىتىلگەن. ئىككىنچىدىن، كىتاب يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. يەنى، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كونكىرېت ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇلغان. كەلتۈرۈلگەن مىساللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىچىدىن تاللانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قوللانمىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئىجادىيلىقى بولۇپ ھەم ئىلمىي ھەم مىللىي پۇراققا ئىگە.

△ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر مۇلاھىزىلەر

بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى 1984 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاب ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە يېزىلغان 12 پارچە ئىلمىي ماقالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ماقالىلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى تارىخىي ئېپوسى ـ ئوغۇزنامە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ ھەمدە ئوغۇزنامە تەتقىقاتىغا ئائىت بەزى ئىجادىي پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلارنىڭ كۆپرەكى ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان بولۇپ، پروزا ئىجادىيىتى، شېئرىيەت، داستانلار ھەققىدىكى ئىلمىي قاراشلاردىن ئىبارەت.

△ يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى. 1985 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتابقا ئۇيغۇرلارغا ئائىت بولغان ۋە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەلمىساقتىن بىرى ئېقىپ يۈرگەن 141 پارچە تارىخىي ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قەدىمقى ھەر خىل تارىخىي مەنبەلەر ئىچىدىن تاللاپ ئېلىنغان بولۇپ، ئاز بىر قىسمى خەلق ئارىسىدىن يېزىپ ئېلىنغان خاتىرىگە ئاساسەن رەتلەنگەن. كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمى ئەپسانىلار بولۇپ، مەزمۇن خاراكتېرى بويىچە 4 تۈرگە بۆلۈنگەن. ئىككىنچى قىسمى رىۋايەتلەر بولۇپ، ئۈچ مەزمۇن تۈرىگە بۆلۈنگەن. كىتابنىڭ بېشىدا ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر توغرىسىدىكى بىر پارچە ئىلمىي ماقالە بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە، ئەپسانە بىلەن رىۋايەت ھەمدە چۆچەكلەرنىڭ پەرقى، ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە مەزمۇن خاراكتېرى، رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇن

ئالاھىدىلىكى، ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

## B

## ئىلمىي ماقالىلار ۋە ئوبزورلار

### «دەسلەپكى مۇھەببەت» شېئىر توپلىمىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1963 - يىل 7 - سان

مۇھىم مەزمۇنى

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى جاڭ جۈمىڭ 1962 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈزەل مەنزىرىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. بۇ شېئىرلار «دەسلەپكى مۇھەببەت» نامى بىلەن توپلام قىلىپ نەشىر قىلىنغان. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە كۈچلۈك ئېستېتىك تۇيغۇسى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان لىرىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئېتىلگەن. بۇ ئوبزوردا ئەنە شۇ توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش لازىملىقى تەشەببۇس قىلىنغان.

### △ ئەدەبىيات - سەنئەتنى راسا تۈزەپ، ھەممە گۈللەرنى تەكشى ئېچىلدۇرايلى★

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1978 - يىل 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى

بۇ ماقالىدا ئالدى بىلەن «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ۋە پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتىگە قىلغان ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلىرى تەنقىد قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش» دېگەن ئەدەبىيات - سەنئەت شوئارىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى پاش قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەدەبىيات - سەنئەتنى چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازات قىلىپ ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇش لازىملىقى تەكىتلەنگەن.

★ بۇ ماقالە يولداش تۇرسۇن قۇربان بىلەن ئىجادىي ھەمكارلىقتا يېزىلغان.

△ باللار ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كوممۇنىزىمنىڭ ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى ★

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1978 - يىل 6 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

1 - ماقالىدا باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئىنقىلاۋى ھەركەتلەردە ئوينىغان رولى، ئىنقىلاۋى ئۇستازلىرىمىزنىڭ باللار ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى مۇھىم تەلىماتلىرى شەرھىلەنگەن.

2. جىياڭ چىڭ ۋە لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ سوتسىيالىستىك باللار ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا قىلغان ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىقى پاش قىلىنغان.

3 - باللار ئەدەبىياتى بىلەن كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك باللار ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە خاراكتېرى بايان قىلىنغان.

4. ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى قىسقىچە ئانالىز قىلىنىپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

5 - نۆۋەتتە باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر باللار ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى بايان قىلىنغان.

△ شېئىر ئىنچام بولۇشى كېرەك

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1979 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا شېئىرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى مۇلاھىزە قىلىنىپ، ھەقىقى شېئىر ئۆلچىمى بويىچە يېزىلغان ھەم ھېسسىياتلىق ھەم ئىنچام شېئىرلار مەدھىيىلەنگەن. پىكىر تەكرارلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇغۇچىلارنى زېرىكتۈرىدىغان بەزى ئۇزۇن شېئىرلار تەنقىدلەنگەن. شۇنداق قىلىپ ئىنچاملىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە قويۇلغان مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر خۇلاسىلىنىپ، شائىرلارنىڭ ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆزىنىڭ بەدىئى ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش لازىملىقى، پىكىر قاتماللىقىدىن ئازات بولۇپ، دەۋر روھى چاقناپ تۇرىدىغان ساغلام ھېسسىياتلىق، باي تەسەۋۋۇرلۇق شېئىرلارنى يارىتىش يولىدا تېخىمۇ كۆپ ئىزلىنىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن.

---

★ بۇ ماقالە بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمى ماقالە - توپلاملار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

△ ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېموكراتىيىسىنى كۈچەيتەيلى

«كىنوپىلارغا باھا» 1979 ـ يىل 2 ـ سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

1. ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېموكراتىيىسىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى شەرھلىنىپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى بايان قىلىنغان.

2. پارتىيىنىڭ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە بەس ـ بەستە سايرىسۇن» دېگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتى سەنئەت دېموكراتىيىسىنى ھەقىقى يولغا قويۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

3. سەنئەت دېموكراتىيىسىنى يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن «سول» چىل ئىدىيىۋى رامكىلارنى ئۆزۈل ـ كېسىل پاچاقلاپ تاشلاش، ھەر خىل ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن قول ئۈزۈش، ماركسىزىملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى زەھەرلىرىنى داۋاملىق تازىلاش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

△ لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1979 ـ يىل 4 ـ سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئى شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇنىڭ باشقا رايونلاردىكى خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشىمايدىغان ئاساسى بەلگىلىرى كۆرسىتىلگەن. لوپنور ــ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ باي مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ رايوندىكى خەلق قوشاقلىرىدا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ قەدىمقى ئەنئەنىلىرى بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى، شۇ جاينىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائى شارائىتى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۈملىدىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

△ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» (خەنزۇچە) 1979 ـ يىل 3 ـ سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان، ماقالە ئۈچ

بۆلەكتىن تەركىب تاپقان؛ بىرىنچى بۆلەكتە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى بايان قىلىنغان. ئىككىنچى بۆلەكتە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمقى ئۈلگىلىرى ـ «تىلى قوشىقى»، «دىۋان» دىكى شېئىر ـ قوشاقلار، ئېپتىدائىي ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تەھلىل قىلىنغان، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ماھىيىتى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتى، ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدا ئوينىغان رولى كۆرسىتىل ـ گەن. ئۈچىنچى بۆلەكتە نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئالا ـ ھىدىلىكلىرى يەكۈنلىنىپ، شەكىل ۋە ژانىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى، ئەنئەنىۋى ئىرادىتىسىيىسى، خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىمىلەرنى ئۆگىنىش كېرەكلىكى سۆزلەنگەن.

ئىزاھات. بۇ ماقالە «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى» خەنزۇچە ژورنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. ئۇيغۇرچە نۇسخىسى «كىتابلارغا باھا» ژورنىلىنىڭ 1979 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

△ ئابدۇرېھىم ئىمزارى ۋە ئۇنىڭ «رابىئە ـ سەئدىدىن» داستانى توغرىسىدا

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» (خەنزۇچە) 1979 ـ يىل 4 ـ سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالە① ئىككى بۆلەككە بۆلىنىدۇ. بىرىنچى بۆلەكتە ئا. ئىمزارىنىڭ بىيوگرافىيىسى، ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي مۇھىت، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى بۆلەكتە، شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى ـ «رابىئە ـ سەئدىدىن» داستانى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن. بۇ داستان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى رېئالىستىك ئەسەر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى، ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق يېشىپ بېرىلگەن، بۇ ئارقىلىق شائىرنىڭ تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ياراتقان بۇ داستانى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات غەزىنىسىدىكى بىر خۇشپۇراق گۈل ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

△ تېما ۋە باش تېما توغرىسىدا

«شىنجاڭ گېزىتى» 1979 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئەدەبىياتنىڭ تېمىسى ۋە باش تېمىسى نەزەرىيە جەھەتتىن ئايرىم ـ

---

① ماقالىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 1980 ـ يىل 2 ـ سانىدا.

ئايرىم چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن.

ھازىر ئەدەبىيات ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەردە، تېما بىلەن باش تېمىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنىغا ياتىدىغان بۇ ئىككى ئامىلنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى ئېنىق ئايرىش، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە ئۇقۇملارنى خاتا قوللانماسلىق لازىملىقى تەكىتلەنگەن.

△ ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى - تىل

«شىنجاڭ گېزىتى» 1979-يىلى 12-ئاينىڭ 27- كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

تىل- پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ بىردىن بىر ئالاقىلىشىش قورالى، جۈملىدىن ئەدەبىياتنىڭ 1- ئامىلى، ئەدەبىيات پەقەت تىل ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ 1- دەرىجىلىك ۋەزىپىسى تىلغا باي بولۇش، خەلق تىلىنى پىششىق ئۆگىنىش، تىل ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە تىلنى تاللاش ۋە تاۋلاشقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىل ماھارىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

△ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى توغرىسىدا

«تارىم» ژۇرنىلى 1980 - يىل 2- سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور ماقالىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرى، مەزمۇن خاراكتېرى، ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختالغان. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى داستانلار دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈپ سۆزلەنگەن. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تۈپ مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى، رىۋايەتلىك سيۇژېتلارغا ئاساسلىنىپ يارىتىلغان. بۇ دەۋر ئۈچۈن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان داستانلار «ئوغۇزنامە»، «دېدە قورقۇت»، «قورقۇت ئاتا»، «ئەفراسىياپ»، «ئەرگەنەقۇن» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە ئەركىن مۇھەببەت يولىدا جان - پىدالىق كۆرسەتكەن ۋاپادار ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى ۋە تىراگېدىيىلىك تارىخى ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئىنسانلار بەخ-

ئىگە كەلتۈرگەن بالايى. ئاپەتلىرى پاش قىلىنغان. بۇ تۈركۈمدىكى داستانلارغا «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «تاھىر - زۆھرا» «غېرىپ - سەنەم»، «مۆرلىقا - ھەمراجان»، «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان»، «سەنۇبەر» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى شەكىل جەھەتتىن ھەم نەسرى ھەم نەزمى قىسىملاردىن تەر - كىپ تاپقان. بۇ خۇسۇسىيەت ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، بىر داستاندا بۇ ئىككى تەرتىپنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ئوخشاش ئەمەس.

△ چىنلىق — ئەدەبىياتنىڭ جېنى

«تارىم» ژورنىلى، 1980 - يىل 7 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا تۇرمۇش چىنلىقى ۋە بەدىئىي چىنلىق توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان. بەدىئىي (ئەدەبىي) چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن، ئەدەبىي چىنلىق بىلەن تۇرمۇش چىنلىقى ماھىيەت جەھەتتىن بىر نەرسە ئەمەس، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا تەڭلىك ئالامىتى قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلە يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. «دولان ياشلىرى» قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا دولان كىشىلىرىنىڭ يېڭىچە روھى قىياپىتى ۋە مەنىۋى ئازاتلىقى جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ياردىمى بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئېتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ھې - كايە يۈكسەك بەدىئىي غايىگە ئىگە. ھېكايىدىكى ھەربىر ئوبرازنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى بار. بۇ ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى تۇرمۇش چىنلىقىنى تاللاش، تاۋلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەچكە، ئۇ كىتابخانلارنى قايىل قىلالايدۇ ۋە تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

«دولان ياشلىرى» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى تۇرمۇشنىڭ ئاددى كۆرۈنۈشلىرىنى قارا - قويۇقلا تىزىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى رېئال تۇرمۇشتىن ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تاللىۋېلىپ ئۇنى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ يازغۇچىدىن تۇرمۇشنى پىش - شىق بىلىشنى ۋە تىرىشىپ بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

△ لوپنور ۋە لوپنورلۇقلار

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1980 - يىل، 4 - سان

بۇ ماقالىدا، 1) لوپنورنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى تونۇش-

تۇرغۇلغان. ئۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىۋى ۋە تۇرمۇش شەكلى باشقا رايونلاردا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلاردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. جۈملىدىن تىل جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، لوپنورلۇقلارنىڭ تىلىدا ئەرەب، پارس تىلىنىڭ تەسىرى نىسبەتەن ئازراق، فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتە قىپچاق تىلىنىڭ تەسىرى سېزىلىپ تۇرىدۇ.

لوپنورلۇقلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؛ بۇ رايوننىڭ شەھەر مەدەنىيىتىدىن چەتتىرەك تۇرۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قوشاقچىلىق لوپنور خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. لوپنور قوشاقلىرى كۆپرەك 6 مىسرادىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 4 مىسرالىق ۋە 5 مىسرالىق قوشاقلارمۇ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ 5 مىسرالىق قوشاقلار لوپنورلۇقلارغا خاس بولغان بىر خىل ئالاھىدە شەكىللىك قوشاقلاردۇر. لوپنور ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈشنىڭ مەركىزى ئوقتىلىرىدىن بىرى. چۈنكى، بۇ رايوندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر قەدىمى ئۆرپ ئادەتلىرى ۋە مەدەنى ھاياتىنىڭ ئىزنالىرى ساقلانغان.

△ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخى تەسۋىرى ۋە بەدىئى ئالاھىدىلىكى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى». 1980- يىل 3- سان

مۇھىم مەزمۇنى:

خەلق داستانلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى بولۇپ ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن سەنئەت خاراكتېرلىك ھېكايىلاردۇر.

خەلق داستانلىرى مەدداھلار (ۋايىزلار) ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى. شۇڭا خەلق داستانلىرىنىڭ ئىجات قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشىدا داستانچىلارنىڭ رولى ناھايىتى زور بولىدۇ.

خەلق داستانلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى ئۈچ دەۋرگە ئايرىش مۇمكىن؛

1 - قەدىمقى دەۋر، يەنى مىلادى 7 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئورخۇن، سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان «ئون ئۇيغۇر»، «توققۇز ئوغۇز» قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتلىك ئېپوسلار.

2- ئوتتۇرا ئەسىردە ياكى ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەيدا بولغان خەلق داستانلىرى.

3 - يېقىنقى زامان تارىخىدا پەيدا بولغان خەلق داستانلىرى. بولۇپمۇ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى دېخانلار قوزغىلىڭى ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالغان 18 - ئەسىر ۋە 19 - ئەسىرلەردە پەيدا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى قەھرىمانلىق داستانلىرى. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى بەدىئى شەكىل جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇ جانلىق

ۋە ئەسىرلىك مەزمۇنلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا - كۈي غەزنىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا رومانتىك غايە بىلەن رېئال ۋەقەلەر ناھايىتى مۇۋاپىق جىپسىلاشتۇرۇلغان.

△ «يولباشلىغۇچى» كىنو فىلىمى توغرىسىدا

«شىنجاڭ گېزىتى» 1980 - يىل 2 - ئاي

مۇھىم مەزمۇنى

ماقالىدا «يولباشلىغۇچى» فىلىمىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۇ فىلىم ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخى چىنلىق بايان قىلىنغان. فىلىمدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ۋە ئۇ ئارقىلىق ئەكس ئېتىلگەن تۇرمۇش رېئاللىقى، تارىخى ۋەقەلەرنى كىنو سەنئىتىدە قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش لازىملىقى ئىجابى جەھەتتىن يەكۈنلەنگەن. بۇ فىلىمگە ئاساس بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ياراتقان مەدەنى ئاسارە - ئەتىقىلەر ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغداش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغان.

ماقالە ئاخىرىدا مەزكۇر فىلىمنىڭ بەزى پىرىنسىپال خاتالىقلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، فىلىم ھەققىدە تاماشىبىنلار ئارىسىدا پەيدا بولغان ئوخشىمىغان پىكىر - ئىنكاسلارغا سەۋەپ بولغان مەسىلىلەر كۆرسىتىلگەن.

ماقالىدا يەنە، بۇ فىلىمدا باش رول ئالغان بىر قانچە ئۇيغۇر ئارتىسلىرىنىڭ سەنئەت ماھارىتى ۋە ئارتىستلىقچىلىقلىرى مەدھىلىنىپ، ئۇيغۇر كىنو سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى ئۈمىت ۋە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

△ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «تارىخى قوشاقلىرى» توغرىسىدا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بولاق» مەجمۇئەسى. 1981 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى

ماقالە ئىككى بۆلەكتىن تەركىپ تاپقان.

1 - بۆلەكتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 19 - ئەسىردىكى رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تارىخى قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى تېمىسى ۋە جەڭگىۋارلىقى تونۇشتۇرۇلغان. 19 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالغان قاينام - تاشقىنلىق يىللار بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ خاراكتېرى ئالدى بىلەن خەلق قوشاقلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

2 - بۆلەكتە، مۇشۇ دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخى قوشاقلاردىن

«سادىر پەلۋان قوشاقلىرى» ۋە ئۇنىڭ تېما دائىرىسى، مەزمۇن ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى، بايانداي ئۇرۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خەلق قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قوشاقلاردىن بىر قانچە نەمۇنىلەر بېرىلگەن. بولۇپمۇ سادىر پالۋاننىڭ ئەشۇ دەۋرنىڭ رېئال كارتىنىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن جانلىق قوشاقلىرى، مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن رەتلەپ تونۇشتۇرۇلغان.

△ «دوستلۇق» توغرىسىدا سۆھبەت★

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى، 1981 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى

بۇ مۇھاكىمىلىق ماقالىدا، يولداشلار ئارا بولىدىغان يولداشلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەتنىڭ ئۆلچىمى، ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، دوستلۇقنى قەدىرلەش لازىملىقى، سەمىمىي دوستلۇق ئۆز ئارا ئالغا سىلجىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بولىدىغانلىقى، ئەكسىچە، ۋاپاسىزلىق، نامەردلىك، پايدا قوغلىشىش، مەنمەنچىلىك، ھاككاۋۇرلۇق، ساختىلىق دوستلۇقنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى لىرىكىلىق ھالدا بايان قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشقا قانداق قاراش مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان. ھازىرقى ياشلار تۇرمۇشىغا ئائىت بەزى پايدىلىق دىداكتىك پىكىرلەر ۋە ياخشى مەسلىھەتلەر بېرىلگەن.

△ «قەلب سادالىرى» تەمەچلىرى

«تارىم» ژورنىلى 1981 - يىل 5 - سان

مۇھىم مەزمۇنى

بۇ 9 پارچە لىرىك سەنئەتتىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن ئەسەر بولۇپ، يولداش ئەخمەت ئىمىننىڭ شۇ نامدىكى سەنئەتلىرىگە بېرىلگەن باھا ۋە مەدھىيەدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا جۇڭگوغا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قان - زەردابلىق يارىلىرى پاش قىلىنغان، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى لىرىك ئوبرازلار ياردىمىدە تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قىسقىسى، ئوخشىمىغان لىرىك ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بورۇختۇم بولغان كىشىلەرنىڭ قەلب سادالىرى، مەنىۋى ئازاتلىق غايىلىرى تەسۋىرلەنگەن. «سول» چىللىشەنىڭ مەنىۋى كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكى ئوت -

★ بۇ ماقالە 1982 - يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش يىغىنىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

تۆرىدا قىزىقىلغان.

△ «ئوغۇزنامە» ئېپوپېيىسى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزىلەر

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1981 - يىل 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

1. ماقالىدا قەدىمقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە» نىڭ تېپىلىشى ۋە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر نەچچە نۇسخىلىرىنىڭ تارىخى بايانى سۆزلەنگەن.

2. «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى قاراشلار ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان.

3. «ئوغۇزنامە» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن بەزى ۋەقەلەرنىڭ تارىخى ئاساسى، ئۇنىڭدىكى ئۇيغۇر ئېتنوگراپىيىسىگە ئائىت مەزمۇنلار، ھەرخىل ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە ئۇنىڭ رېئاللىق بىلەن مۇناسىۋىتى، «ئوغۇزنامە»دە بايان قىلىنغان دىنىي ئەقىدىلەر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ساقلانغان ئىزلىرى ... قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

4. «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ شەكلى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە سۆزلەنگەن.

5. «ئوغۇزنامە» داستانىنى قانداق مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخى ۋەقەلەرگە قانداق قاراش مەسىلىسى ھەققىدە بەزى ئوخشاشمىغان يېڭى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە نۆۋەتتە «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مېتودولوگىيىلىك مەسىلىلىرى كۆرسىتىلگەن.

△ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كلاسسىك يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئېلىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى كونكرېت مىساللار بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن، ھەمدە "خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى" دېگەن بۇ ھۆكۈم ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈچ تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن؛

1. تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە.

2. تىپىك ئوبرازلار جەھەتتە.

3. شەكىل ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە.

يۇقۇرقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا تەدبىقلانغان. ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۆلگىلىك ئەسەرلەرگە سىڭدۈرۈلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ۋە ئۇنىڭ يازما ئەدەبىيات ئۈچۈن يېتەكچىلىك خاراكتېرى. بۇنداق تەسىرنىڭ تەبىئىلىكى ۋە ئەنئەنىۋىلىكى بايان قىلىنغاندە شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يازغۇچىلار ئەدەبىياتىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك رول ئوينايدىغانلىقى، بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ساقلىنىشى ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىشى قاتارلىق جەھەتلەردە يازما ئەدەبىيات ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

ماقالە ئاخىرىدا، بۇ ئىككى خىل ئەدەبىياتنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدىكى بەزى قانۇنىيەتلەر نەزەرىيە جەھەتتىن يەكۈنلەپ بېرىلگەن.

△ ھېكايە فىلىم — «غېرىپ - سەنەم» نىڭ تارىخىي تەسۋىرى

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى 1982 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

«غېرىپ - سەنەم» ناملىق ھېكايە فىلىمىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ماقالىدا نۇقتىلىق بايان قىلىنغاندىن باشقا، يەنە «غېرىپ - سەنەم» ۋەقەسىنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى، تارىخىي مەزمۇنى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. «غېرىپ - سەنەم» داستانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي كىشىلىك قاراشلىرىنى، ھېس - تۇيغۇ ۋە ئارزۇ - غايىلىرىنى، ماددى ۋە مەنىۋى ئىنتىلىشلىرىنى يۈكسەك مۇزىكىلىق سىزىم ئىچىدە ھەققىي سۈرەتلەپ بەرگەن مۇنەۋۋەر سەنئەت يادىكارلىقى. مەزكۇر فىلىم ئەنە شۇ تارىخىي تېمىنى تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە تەسۋىرلەپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ماقالىدا يەنە، خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى تېمىلارنى ئۆزگەرتىپ سىنارىيەلەشتۈرۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

△ «بەخت ناخشىسى» ئىكرانىدا

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى. 1982- يىل 4- سان

مۇھىم مەزمۇنى :

«بەخت ناخشىسى» فىلىمى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، تويۇق دەۋر روھىغا ئىگە.

قىلىمىدا بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتەك جىددىي ۋە مۇھىم مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ياشلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ نازۇك ئىش بولغان مۇھەببەتنى قانداق چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىلگەن.

△ لەتىپە ۋە لەتىپە ئەدەبىياتى توغرىسىدا

«ئامىمىۋى مەدەنىيەت» ژورنىلى، 1982 - يىل، 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا لەتىپە ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ژانىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان. شۇنداقلا، ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ جۈملىدىن نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى، تېمىسى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئورگىناللىقى، لەتىپىلەرنىڭ كومپازىتسىيىلىك قۇرۇلمىسى ۋە توپ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇر لەتىپە ئەدەبىياتىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا ئوينايدىغان رولى (بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ساتىرا ۋە يۇمۇرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە لەتىپىلەرنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى) كونكرېت مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا لەتىپە ژانىرىنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى ھەققىدە دەسلەپكى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرى تونۇشتۇرۇلغان. ئاپتور ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى تەرەققىياتى ۋە باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرى لەتىپە ئەدەبىياتىنى رىۋاجلاندۇرۇشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ توختالغان.

△ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدە داستانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ تۇتقان ئورنى

«تارىم» ژورنىلى، 1982 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا داستان (پوئېما)نىڭ ژانىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى، ئازاتلىقتىن بۇيان بولۇپمۇ پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ تىماتىك مەزمۇنى، تەرەققىياتى تەپسىلىي يەكۈنلەنگەن. شۇنداقلا بىر قانچە يىرىك ھەجىملىك داستانلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي غايىسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن، بۇ خىل داستانلارنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوئېزىيىسىدە تۇتقان ئورنى ۋە قىممىتى كونكرېت ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىنىپ بايان قىلىنغان. نۇقتىلىق ھالدا ئا. ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر قىزى» ناملىق داستانىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى تەھلىل قىلىنىپ،

ئەنە شۇنداق ئۆلگىلىك داستانلارنىڭ يەنىمۇ كۆپلەپ ئىجات قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان. ئۇيغۇر داستانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات يولىغا ئائىت تەجرىبە ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان داستانچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مىللىي ئۇسلۇپ ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلەنگەن.

△ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆچمەس مىراسلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1982 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئىپتىدائىي ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى، بۇ مىراسلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنلىرى مۇلاھىزە قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قېدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئۆلمەس مىراسلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بىر پۈتۈن مىللىي ئىدېئولوگىيە تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ قەدىمقى ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ سەرىسى ھېساپلانغان ئۆلمەس مىراسلار كۆپ جەھەتلەردىن خەلقارا ئومۇمىلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇلارنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

△ ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم

«تارىم ژورنىلى» 1982 - يىل 8 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمچە ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرى، ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەقسىدى، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي مىراسلىرى، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن قارا قويۇق قوبۇل قىلىشنىڭ پەرقى ۋە چەك - چېگرىسى، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن يېشىپ بېرىل-

گەن. ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى شۇ مىللەتنىڭ ئۆتمۈش-
تە يارالغان باي ئەدەبىي مىراسلىرىغا تەنقىدى ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي
ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىي مىراسلارغا سەل
قاراش ياكى ئۇنى چەتكە قېقىش بىر پۈتۈن ئەدەبىياتىمىز ئومۇمى راۋاجىغا پايدىسىز.

△ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 - يىل 6 - ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىنىڭ كىرىش قىسمىدا «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ ئاپتورى ئەدىپ ئەھمەت
يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىدىن كېيىنكى قىسىم-
لىرىدا دىداكتىك داستان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنى، داستا-
نىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرسىتىلگەن. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاراخانىلار
سۇلالىسى دەۋرىدە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىككىنچى بۈيۈك
سەمەرە بولۇپ، ئۇنىڭدا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئىلىم-مەرىپەتچىلىك قاراشلىرىنىڭ
تەسىرى كۈچلۈك. لېكىن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئەشۇ خىل پىكىرلەرنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈل-
مىسى ئەمەس. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئىجادى ئۆزگىنىللىققا ئىگە بولغان يىرىك داستان
بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان بەدىئىي غايىسى بار. ئەدىپ ئەھمەت بۇ داستانىدا
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائى پەلسەپە تارىخىدا ئىزچىللىققا ۋە ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولغان
بىلىمنى ئۇلۇغلاش، مەرىپەتكە ئۈندەش توغرىسىدىكى ئاكتىپ قاراشلارنى تېخىمۇ ئىجادى
راۋاجلاندۇرۇپ پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتەرگەن. شۇڭا بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ مەزمۇن
ئېتىۋارى ۋە ئالغا سۈرگەن غايىلىرى جەھەتتىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا
ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئىگەللەيدۇ.

△ سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمى ژورنىلى»، 1983 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالە ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان.

1- بۆلەكتە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخى شەجەرىسى بايان قىلىنغان. يەنى ئوت-
تۇرا ئاسىيادا چاغاتاي خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى، تۆمۈرلەڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى ۋە يوقۇ-
لىشى، سۇلتان سەئىدىخانىنىڭ تەختىگە چىقىشى ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلىشى، سۇلتان

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولى، سولتان سەئىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ
ئوغلى ئابدۇرېشىتخانىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشى، يەكەن خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى قا -
تارلىقلار تارىخى ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان

ئىككىنچى بۆلەكتە يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ دەۋردىكى
ئۇيغۇر مۇقامشۇناسلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى، ئابدۇرېشىتخانىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدد -
ىيىسى، بىز دەۋردە بارلىققا كەلگەن سەنئەتكارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادى تۆھپىسى، بولۇپمۇ
كۆرنەرلىك شائىرە ۋە مۇزىكاشۇناس ئامانىسانىڭ ھاياتى، ئۇنىڭ ئىجادى پائالىيىتى
تونۇشتۇرۇلغان.

△ شائىر ۋە تارىخچى موللامۇسا سايرامى توغرىسىدا

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1983 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ بىئوگرافىك ئەسەردە 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى مۇللامۇسا سايرامىنىڭ تارىخى، ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن
تارىخى مىراسى — «تارىخى ئەمنىيە» ۋە «تارىخى ھەمىدىيە» ناملىق ئەسىرى، بۇ ئەسەر-
دە تەسۋىرلەنگەن تارىخى ۋەقەلەرنىڭ بايانى، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋە قىممىتى
تونۇشتۇرۇلغان.

ماقالىنىڭ كېيىنكى ئابزاسىدا موللامۇسا سايرامىنىڭ شېئىرى ئىجادىيەتلىرى ئۈستىد -
ە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. موللامۇسا سايرامى يالغۇز ئىستىداتلىق تارىخچى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى ئىختىدارلىق شائىر. ئۇنىڭ يازغان ھەممە شېئىرلىرى دەۋرىمىزگىچە
تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن. ھەر خىل ھەنبەلەر ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرىدا
شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىغا بولغان نارازىلىقى، بەختكە ۋە ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىش -
لىرى ئەكس ئېتىلگەن. شۇڭا بۇ شېئىرلارنى شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ شېئىرى شىكايەتنامە -
سى دېيىش مۇمكىن.

△ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ پوئېتىك قۇرۇلىشى ۋە كىلاسسىپكاتسىيىسى

«قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983 - يىل 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس پوئېتىك قۇرۇلىشى، باشقا
خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى داستانلىرىدىن پەرقى (بەدىئى قۇرۇلۇش جەھەتتە) مۇھاكىمە

قىلىنغان. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىدىغان بىر قانچە ئوبرازلار (ھۆر - پەرىلەر، سېھرى كۈچلەر، دىۋە يالماۋۇزلار)نىڭ مەزمۇن ماھىيىتى ۋە بۇ ئوبراز-لارنىڭ ئۇيغۇر تەسەۋۇرىدا پەيدا بولۇشى.... قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان. شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن بۆلەكلەرگە بۆلۈشنىڭ ئۇسۇل ۋەچارىلىرى كۆرسىتىل-گەن. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مەزمۇن جەھەتتىن 4 قىسىمغا بۆلۈپ چۈشەن-دۈرۈلگەن. ھەرقايسى بۆلەككە تەئەللۇق بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ مەزمۇن خۇ-سۇسىيەتلىرى ۋە ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ئەمەلى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن.

△ ئۆزبېك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش». مەركىزى مىللەتلەر ئىنىستىتوتى 1983 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا شىنجاڭدا ياشىغۇچى ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئىجادىيىتى، مەزمۇن ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى، ئۆزبېك خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرى ۋە بۇ ژانىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۆزبېك ئېغىز ئەدەبىيا-تىدىكى نەمۇنىلىك ئەسەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنى مۇلاھىزە قىلىنغان.

ئۆزبېك ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى تەرەققىياتى بولۇپمۇ يېڭى زامان ئۆزبېك خەلق قوشاقلىرى ھەمدە ئۇنىڭ تىماتىك مەزمۇنى ھەققىدە تەپسىلات بېرىلگەن.

△ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئېتنوگرافىيىگە ئائىت مەزمۇنلار

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ئالدى بىلەن ئېتنوگرافىيە ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئىچىدىكى ئېتنوگرافىيىگە ئائىت مەزمۇنلار شۇنداقلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ «قۇ-تادغۇبىلىك» داستانىغا كۆرسەتكەن تەسىرى كونكىرىت مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئىچىدە ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت 60 دىن ئارتۇق بېيىتنىڭ بارلىقى ۋە بۇ بېيىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئېتىقادى، تۇرمۇش شەكلى مەۋسۇم-مۇراسىملىرى ۋە ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى شېئىرى يوللار بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇلار-نى ئۆگىنىش «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداقلا ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىدىمۇ بىزنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

△ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىچىدىكى شېئىر - قوشاقلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن شېئىر - قوشاقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن نۇقتىلىق ھالدا بەزى پەلسەپىۋى پىكىر ئىپادىلەنگەن شېئىرىي پارچىلارنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ئانالىز قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردە ئىجات قىلىنغان بۇ شېئىر - قوشاقلىرى خىلمۇ - خىل مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بەزى قوشاقلاردا ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدا ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلگەن بىلىمنى ئۇلۇغلاشتەك مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلسە، بەزى شېئىر - قوشاقلاردا دۇنيانىڭ ماددىلىقى ھەققىدىكى ساددا ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشلار شەرھىيلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەلسەپە نۇقتىسىدا قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان مەزمۇنلاردۇر.

△ ئەدەبىياتتىكى تىپىكلىك مەسىلىسى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

«تارىم» ژورنىلى 1984 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا ئەدەبىياتتىكى تىپ مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۇتقان ئورنى، تىپ نەزەرىيىسى ھەققىدىكى قاراشلار بايان قىلىنغان، ئەدەبىي تىپ ئايرىملىق بىلەن ئومۇملۇقنىڭ خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنىڭ بىرلىكى. ئەدەبىي تىپنىڭ يادروسى — تىپىك خاراكتېر. بەدىئىي ئەدەبىياتتا تىپىك خاراكتېر يارىتىش يازغۇچىنىڭ 1- دەرىجىلىك ئىشى. بەدىئىي ئەسەرنىڭ قىممىتى ئەنە شۇ تىپىك خاراكتېر ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالى، تىپىك خاراكتېر يارىتىشتا ساقلىنىۋاتقان ئىككى خىل خاھىش — يەنى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ ئومۇملۇقىغا سەل قاراش، ئومۇملۇقىغىلا ئېتىبار بېرىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا سەل قاراش. ماقالىدا بۇ ھەر ئىككى خاھىش ھەقىقىي مەنىدىكى تىپىك خاراكتېر يارىتىشقا پايدىسىز دېگەن پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن.

△ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئىپوسلار توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

«شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1983- يىل 2- سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ «قەھرىمانلىق دەۋرى» نى نامايەن قىلغان

ئىپوسلار توغرىلىق ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنچە بېرىلگەندىن كېيىن، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئىپوسلار ھەققىدىكى تەلىماتلىرى شەرھىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ماركسىزمچىلارنىڭ ئىپوسلارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ۋە دەۋرى ھەققىدىكى تەلىماتلىرىغا ئاساسلىنىپ، ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ئىپوسلارغا ئورتاق بولغان ئۈچ تارىخىي مەنبە كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ، ھەمدە بۇ دەۋرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.
ماقالىنىڭ ئاخىرىدا، ئىپوسلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگىنىشتە تۇتقان ئورنى ۋە رولى بايان قىلىنىدۇ.

△ ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984 - يىل 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالە تۆت بۆلەكتىن تەركىب تاپقان.

1- بۆلەكتە ئەپسانىلار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىلگەن. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەپسانىچىلىق دەۋرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى بايان قىلىنغان.

2- بۆلەكتە ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ھىكايە - چۆچەكلەرنىڭ ئۆز - ئارا ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى مۇھىمزە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ژانىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى يەكۇنلەنگەن.

3- بۆلەكتە ، ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ۋە بۆلۈنىشى سۆزلەنگەن. ھەرقايسى بۆلەكلەرگە تەئەللۇق بولغان ئەپسانىلارنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى ۋە مەقسىدى ئۈستىدە توختالغان.

4- بۆلەكتە، ئەپسانەشۇناسلىق تەتقىقاتىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئىجتىمائىي، ئەھمىيىتى ئەپسانەشۇناسلىق تەتقىقاتىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەققىدە بەزى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

△ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئەنئەنىۋى مەزمۇنى

«تارىم» ژورنىلى 1985 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بەدىئىي ئەنئەنە بىر مىللەت ئەدەبىيات تارىخىنى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە، ئەدەبىياتنىڭ مىللىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ۋاستە. ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخىدا شۇ مىللەت خەلقى تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان مۇئەييەن بەدىئىي ئەنئەنە بولىدۇ. مۇنداق بەدىئىي ئەنئەنە ئەدەبى-

ياتىنىڭ ھەم مەزمۇنى ھەم شەكلىدە بىردەك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى ۋە ئالغا سۈرگەن ئىجتىمائى غايىسىنى مۇلاھىزە قىلىشتا، بۇ ئەسەرگە ئاساس بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى شەرھىلەش زۆرۈر. قىسقىسى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىجتىمائى مەزمۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرى بىلەن مەھكەم باغلانغان، ھەمدە ئۇنىڭدىكى ئەھمىيەتلىك تېماتىكا ئۆزىدىن كېيىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا روشەن ئەكس ئېتىلگەن.

ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ 30 يىلى

«تارىم» ژۇرنىلى 1985 - يىل 7 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

چوڭ ھەجىملىك بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئازاتلىقتىن كېيىن سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن 30 نەچچە يىللىق تەرەققىيات يولى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ماقالە ئىككى بۆلەكتىن قورۇلغان.

1- بۆلەكتە، «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ تەرەققىيات دەۋرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختۇلۇپ، نۇقتىلىق ھالدا، ئەشۇ دەۋرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئۈلگىلىك ھېكايىسى زونۇن قادىرنىڭ «چىنىقىش» ئەسىرى تەھلىل قىلىنغان ۋە شۇ قاتاردا 50 - 60- يىللاردا ئىجاد ئېتىلگەن بىر قىسىم ھېكايىلار، ئەسىر ۋە ئوچېركىلار تەھلىل قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەشۇ دەۋر ئۇيغۇر پىروزا ئىجادىيىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2- بۆلەكتە، «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دىن كېيىنكى بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيانقى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. مۇشۇ دەۋر ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى قاتارلىق بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ رومان - ھېكايە ئىجادىيەتلىرى مۇلاھىزە قىلىنغان. ئاخىرىدا پىروزىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر يەكۈنلىنىپ، پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ مۇندىن كېيىنكى گۈللىنىش يولى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

△ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 - يىل 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىلمى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى، بۇ پەننىڭ

تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى يولغا قويۇش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى بۇ ئەدەبىيات قەدىمقى دەۋرلەردە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچراشقان تۈگۈنىدە (يىپەك يولىنىڭ مەركىزىدە) پەيدا بولغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ۋە خوشنا ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئەشۇ خەلقلەرنىڭ ئىلغار ئەدەبىيات ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. ھازىر بەزى ئەسەرلەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى ئايرىشتا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ.

ھازىر شىنجاڭدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمى بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز بۇ ساھەدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى تېز ئىگەللەپ، ئۇنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالىغا تەدبىقلىشىمىز ۋە بۇ ئارقىلىق مىللى ئەدەبىياتىمىزدىكى «چىگىش» مەسىلىلەرنى ئىلمى ھالدا ھەل قىلىشىمىز زۆرۈر.

ئىلاۋە: يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەر ۋە ماقالىلار كاتولىگى كىچىگە تەخمىنەن 5000 خەتتىن تۆۋەن ھەجىملىك ماقالىلار ۋە بەزى شېئىرى ئىجادىيەتلەر كىرگۈزۈلمىدى.

## ئازات سۇلتان

### A

△ نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازى توغرىسىدا

«مىراس» ژورنىلى 1984 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا نەسىرىدىن ئەپەندى ئوبرازىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تارىخىي مەنبە ۋە جۇڭگو چەتئەللەردىكى بۇ مەسىلە توغرىلىق بولىۋاتقان مۇھاكىمىلەرنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان شۇنداقلا، ماقالىدا نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى كۆرسىتىلىپ، ئوبرازنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى، ئۇيغۇر تۇرمۇشى، ئۇيغۇر خاراكتىرى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن تەھلىل قىلىنىدۇ ۋە بۇ ئوبرازنىڭ ھازىرقى دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى، ئىجتىمائى ئەھمىيىتى، تەربىيۋى رولى ۋە ئىستېتىك قىممىتى تەھلىل قىلىنىدۇ.

△ سىماچەن ۋە «تارىخنامە»

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 - يىل 7 - ئاپرېل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا سىماچەننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇ يازغان «تارىخنامە»نىڭ ئاجايىپ يۇقىرى قىممىتى كۆرسىتىلگەن. دۇنياغا داڭلىق بولغان بۇ مەشھۇر ئەدىب ۋە تارىخشۇناسنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن.

△ مودېرنىزىم ئەدەبىياتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇھاكىمە

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى، ئاخىرقى

نەتىجىسى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىز ئەدەبىياتىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسى ۋە بۇ ھەقتىكى بەزى يېڭى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تەبىرى، مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ غەرب ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىلىرى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى تەسىرلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ.

△ ئۇلۇغ رومانتىك شائىر لى بەي

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 - يىل 26 - ئاپرېل

مۇھىم مەزمۇنى:

مەشھۇر شائىر لى بەينى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇ ماقالىدا لى بەينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى، ئىلغار رومانتىزملىق شېئىر ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئىخچام تونۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى كۆرسىتىلگەن.

△ شائىر دۇفۇ

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 - يىل 10 - ماي

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا دۇفۇنىڭ تۇرمۇش يولى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان ۋە دۇفۇ شېئىرلىرىنىڭ ئېپوس بولالىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى كۆرسىتىلگەن. خەلق بىلەن شائىرنىڭ مۇناسىۋىتى، مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىكنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن.

△ سەنئەت ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

«شىنجاڭ گېزىتى» 1979 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئوبزوردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «سەنئەتلەر ۋە سەنئەت ھەققىدە» ناملىق كىتابچىدىكى ئەسەرلەر ۋە ماقالىلار تەھلىل قىلىنغان، شۇنىڭدەك ئۇلارغا باھا بېرىلگەن. سەنئەتنىڭ ژانىر ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەققىدە بەزىبىر كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مىساللار بىلەن شەرھلەنگەن.

△ ياڭرىسۇن ياڭراق باغۋەنلەرنىڭ ناخشىسى

— «باغۋەن ناخشىسى» تىياتىرى ھەققىدە

«شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1977 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

«باغۋەن ناخشىسى» پارتىيىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولغان باغۋەنلەرنى مەدھىيىلىگەن، مەزمۇنى ساغلام، تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن ئوبدان تىياتىر. مەزكۇر ئوبزور بۇ ئەسەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بۇ ئەسەرگە قىلغان بوھتانلىرىنى ئەيىبلىگەن. ئوبزوردا تىياتىرنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى تەھلىل قىلىنغان.

△ رېيال تۇرمۇشنىڭ روشەن ئەينىكى

— «شىياگزى تۆگە» فىلىمى توغرىسىدا

«تىيانشان ئېكرانى» 1983 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

«شىياگزى تۆگە» كىنوفىلىمى ئاتاقلىق يازغۇچى لاۋشى ئەپەندىنىڭ شۇ ناملىق رومانىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن بولۇپ، كىنودا شىياگزىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق كونا جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

ئاپتور بۇ ئوبزوردا شىياگزىنىڭ تىراگېدىيىلىك تەقدىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىپ، فىلىمنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى زور نەتىجىسىگە مۇۋاپىق باھا بەرگەن، شۇنىڭدەك تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتە بۇ فىلىمنىڭ ئۈلگە بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

△ شېيلىڭ شېنيى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا

«دۇنيا ئەدەبىياتى» 1985 - يىل 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ئوبزوردا «مىكرو ھېكايىچىلىقنىڭ پىرى» دەپ نام ئالغان ياپونىيە يازغۇچىسى شىيلىڭ شىنيىنىڭ بىر قانچە پارچە مۇھىم ھېكايىسى تەھلىل قىلىنغان ۋە ئاپتورنىڭ خاس ئۇسلۇبى كۆرسىتىلگەن. ئەسەرلەرگە تەدبىقلىنىغان ھالدا مىكرو ھېكايىچىلىقنىڭ ئۆزگىچىلىكى توغرىسىدا بەزىبىر كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## B

△ ئۆلگەن بۇغا

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە) 1982 - يىل 12 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ھېكايىدا ئاساسەن بەيرەم بوۋاينىڭ ئورماندا ئۆلۈپ قالغان بىر بۇغا ئۆلۈكىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن قىلغان - ئەتكەنلىرى سۆزلەنگەن. ھېكايىدا يايلاق خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە يايلاقنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى تەسۋىرلىنىپ، ئاشۇ گۈزەللىككە ياندىشتۇرۇلغان ھالدا بەيرەم بوۋاي ئوبرازى خېلى جانلىق يارىتىلغان. بوۋاينىڭ سەمىمىيلىكى، ئاقكۆڭۈل - لىكى، ئادىمىنىڭ رەزىللىكى، ساختىپەزلىكى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىدا روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

△ بوران - چاپقۇندا

«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە) 1975 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ھېكايىدا چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى قاسىمنىڭ، ئايالى نىساخان بىلەن بولغان تالاش - تارتىشلىرى تەسۋىرلىنىپ، بالا تەربىيىسىدىكى ئىككى خىل پوزىتسىيە ۋە كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاپتور قاسىمنىڭ ئوغلى مۇراتنىڭ ئەمەلىي ھەركەتلىرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق چىن ئىنساننىڭ ئانا قارنىدا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش قاينىمىدا، مۇشكۇللۇق ئىچىدە يېتىلىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## C

△ ئۇلارنىڭ قول بولغۇسى يوق (ھېكايە)

ئاپتورى: (سېنېگال) س. ئۇسمان

«دۇنيا ئەدەبىياتى» 1981 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ تەرجىمە ھېكايە نېگىرلارنىڭ تاتۇق قالدۇرۇش ئادىتىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈش بىلەن باشلىنىپ، يىراق ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن بىر تارىخىي ۋەقەنى بايان قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئاپتور قۇللۇق تۈزۈمىنى، ئىرقىي كەمسىتىشنى قاتتىق سۆكىدۇ. خورلىنىۋاتقان، ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ھەققانىي ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

△ كەم - كۆتىسىز دەردەك (ھېكايە)

ئاپتورى (ئەنگلىيە) ئا. كىرىستى

«دۇنيا ئەدەبىياتى» 1982 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ دىلو رازۋىت ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان ئايال يازغۇچى كىرىستىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ھېكايىدا ئالدامچىلىق، ئوغۇرلۇق ۋەقەسى بايان قىلىنىپ لوگىكىلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بويىچە تەھلىل، قىياس، يەكۈن ئارقىلىق ئەنزىنىڭ پاش بولغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ بىر قىزىقارلىق ھېكايە بولۇپ، كىشىنىڭ زېھنى كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

△ چېلىشىش (ھېكايە)

ئاپتورى: (سوۋېت) ف. مۇھەممەدىيېۋ

«دۇنيا ئەدەبىياتى» 1983 - يىل 6 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ف. مۇھەممەدىيېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زامان تاجىك يازغۇچىسى بولۇپ، ئۇ بۇ ھېكايىسىدا تاجىك خەلقىنىڭ تۇرمۇشلىرىنى ھېكايە قىلىپ، گۈزەل قەلب ئىسىل پەزىلەتلەرنى مەدھىلەيدۇ. شۇنىڭدەك كىشىلىك ھايات ھەققىدە خېلى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بىر قانچە پېرسوناژنىڭ ئىنىدىۋىدۇئاللىقتا باي، يارقىن ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتىدۇ.

△ كوممۇنا ئەزاسىنىڭ تىرۇبكىسى (ھېكايە)

ئاپتورى: (سوۋېت) ئىليا. ئېرېنبۇرگ

«دۇنيا ئەدەبىياتى» 1984 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

سوۋېت يازغۇچىسى ئىليائېرېنبورگ بۇ قىسقا ھېكايىسىدا پارىژ كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ جەڭگىۋار كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىياتى قويۇق. يەنە ھېكايىنىڭ بەدىئىلىكىمۇ يۇقىرى، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە. ھېكايە بايانى خۇددى ئادەتتىكىدەك بىر خىلدا يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن قاتتىق غەزەپ - نەپرەت ۋە كۈچلۈك ھېسداشلىقنى سېزىۋېلىش تەس ئەمەس. ھېكايىدىكى تەكرار جۈملىلەر ۋە باشقا بەدىئى ۋاستىلارنىڭ ھېكايە مەزمۇنىنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى رولى چوڭ بولغان.

△ پۇشكىننىڭ ئايالى ناتالىيە نىكولايېۋناغا قايتا باھا (ماقالا)

«بۇ روس ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىل 3 - سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان ھېكايە.

«دۇنيا ئەدەبىياتى» 1984 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ھېكايىدا پۇشكىننىڭ ئايالى بۇرۇندىن تۇترۇقسىز، شاللاق ئايال دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى، ھېكايىدا ناتالىيە نىكولايېۋنانىڭ ئۆزى يازغان بىر قانچە پارچە خېتى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆز ئېرى پۇشكىنغا سادىق ۋە ئېرىنىڭ ئىجادىيىتىنى، تالانتىنى ھۆرمەت قىلىدىغان شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا ھەمنەپەس بولىدىغان، كۆيۈمچان، ئىشچان، پەزىلەتلىك ئايال ئىكەنلىكىنى شەرھىيلەپ، ئىلگىرىكى قاراشلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

تۇغۇلغان كۈن (ھېكايە)

«دۇنيا ئەدەبىياتى» 1985 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى

بۇ ئاددىي خەلقنىڭ خۇشاللىقى، غەم - قايغۇلىرى ئىپادىلەنگەن ھېكايە بولۇپ، بۇنىڭدا ئوغلىدىن ئايرىلغان ئاتا - ئانىنىڭ پىسخىك ھالىتى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئوغلىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا يازغان خېتى بولسا ھېكايىدە ھېسسىياتنى يەنىمۇ بىر دەرىجە كۆتەرگەن بولۇپ، ياش جەڭچىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋەتەنگە، تۇرمۇشقا، ئاتا - ئانىغا بولغان مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغان.

△ ئەتىر گۈلنى مەدھىيلىگەن چېغىمىزدا (ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاپتورى: چېن زۇفېن

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» نىڭ 1981 - يىل 12 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى كىتابخانىلار ئوڭغاي كۆرەلەيدۇ. بىراق، مۇھەررىرلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى ئەسكە ئالالايدىغانلار كۆپ ئەمەس. ئاپتور بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى ئەنە شۇنداق خۇشپۇراق تارقىتىۋاتقان، ئەمما كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان گۈللەر — مۇھەررىرلەرگە بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز ئەجىر قىلىۋاتقانلىقىنى قىزغىن مەدھىيلەيدۇ.

بۇ تەرجىمە ئەسەر «كۆۋرۈك» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

△ يىراقتىن سېلىنغان خەت

ئاپتورى: ليۇشىنۋۇ

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» 1982 - يىل 8 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ تەرجىمە ھېكايىسىدا تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، ئەمما كۆزگە ئانچە كۆرۈنۈپ كەتمەيدىغان پوچتا خىزمىتىدە نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئىشلەپ ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم پوچتىكەشنىڭ يارقىن ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇنىڭ خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك ئۆزىنىڭ بارلىقىنى باشقىلارنىڭ بەختى ۋە خۇشاللىقى ئۈچۈن تەقدىم قىلىدىغان روھى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن.

دېڭىز ساھىلىگە مۇھەببەت (نەسىر)

ئاپتورى: ليۇبەيۋۇي

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» 1983 - يىل 4 - سان

قىسقىچە مەزمۇنى:

ليۇبەيۋۇي بۇ سەنئىتىدە، ئۆزىنىڭ قايناق ھېسسىياتى ۋە پىشقان تەلىمى بىلەن ئېلىمىزنىڭ يېزا كەنتلىرىنىڭ، جۇملىدىن دېڭىز ياقىسىدىكى چىگداۋ ۋە يەنتەي قاتارلىق جايلارنىڭ پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى تەرەققىياتلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ، خەلقىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈۋاتقانلىقىغا بارىكاللا ئېيتىدۇ.

△ قارلىق يۇرتتىكى ئاۋات بازار (ھېكايە)

ئاپتورى: ليۇجاۋلىن

«كۆۋرۈك» ژورنىلى 1984 - يىل 7 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ جەڭچىلەر تۇرمۇشىنى تېما قىلغان ھېكايە بولۇپ، مەملىكەتلىك پروزا ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدا ئاپتور ۋەتىنىمىزنىڭ يىراق چېگرىسىنى قوغداۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشلىرى ۋە جەڭگىۋار كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ئاددىي ۋە جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئارسلان ئابدۇللا

△ سۆز قوبۇل قىلىش ۋە قوبۇل قىلغان سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىش توغرىسىدا

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1981 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر تىلىغا باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىشتىكى ئاساسىي پرىنسىپ مەسىلىلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن يىغىنچاقلاپ شەرھلەنگەن، شۇنداقلا سۆز قوبۇل قىلىشتا ئېھتىياجنى چىقىش نۇقتىسى قىلماسلىق ۋە قوبۇل قىلغان سۆزلەرنى توغرا ئىشلەتمەسلىكتەك خاتا خاھىشلار تىپىك مىساللار ئارقىلىق تەنقىد قىلىنىپ، سۆز قوبۇل قىلىش ۋە قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىش پرىنسىپى تەشەببۇس قىلىنغان.

△ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئومونىملار ھەققىدە

«تىل ۋە تەرجىمە» ژورنىلى 1983 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ سىمانتىكىلىق كلاسسىفىكاتسىيىسى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئومونىم سۆزلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى مەسىلىسى، بۇنداق سۆزلەرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى رولى، فونېتىك شەكلى ۋە تەپەززى ئوخشاش بولسىمۇ لېكىن ئىپادىلىگەن مەنىسى باشقا - باشقا سۆزلەرنى «ئومونىم» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەنگەن ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلار ئەمەلىي، جانلىق مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. شۇنداقلا ئومونىملارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە شەرتلىرى ھەققىدە بىر قانچە ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوخشاشمايدىغان كۆز قاراشلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، يېڭىچە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالىدا يەنە، ئومونىملارنىڭ مەنا ۋە گىراماتىك خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ بۆلۈنگەن «تار مەنىلىك ئومونىملار» ۋە «كەڭ مەنىلىك ئومونىملار» دىگەن تۈرلىرى، ئومونىملارنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىن بۆلۈنگەن «تۈپ ئومونىملار» ۋە «ياسالما ئومونىملار» دىگەن تۈرلىرى؛ ئومونىملارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى سۆزلەرنىڭ سىنتېتىك شەكلىنىڭ تەسادىپىي ئوخشاپ قېلىشى، سۆزلەردە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىش نەتىجىسىدە فونېتىك شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان

سۆزلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىن ئۆز ئارا ئوخشاپ قېلىشى، يېڭى سۆزلەرنى ياساش، سۆز مەنىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى ھەم باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە بىر مۇنچە سۆزلەرنىڭ فونېتىك شەكلى ئوخشاپ قالغانلىقى؛ كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئومونىملارنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ كونكرېت پەرقلىرى؛ تىلىمىزدا ئومونىم سۆزلەرنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بۇنداق سۆزلەرنى ئازايتىش ئۈچۈن، تىلىمىز ئورفوگرافىيىسىنىڭ دىففېرېنسىيە پىرىنسىپى، ئېتىمالوگىك ياكى گىرافىك پىرىنسىپلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا بايان قىلىنغان.

△ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى توغرىسىدا

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلارنىڭ قايسى شەكىللىرى گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە ھاسىل قىلىدۇ ۋە قايسى شەكىللىرى لېكسىكىلىق تۈر ھېسابلىنىدۇ دېگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا ھەر قايسى ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشلار ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن ۋە بۇ ھەقتە ئىجادىي يوسۇندا مۇستەقىل كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنداقلا ماقالىدا يەنە «سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى» دەپ ئاتالغان بۇ گىراممانىك كاتېگورىيىگە تەبىر بېرىلىپ، بۇ كاتېگورىيە ئۆز ئىچىگە ئالغان «سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى» ۋە «سانلارنىڭ مۆلچەر دەرىجىسى»، بۇ «دەرىجە»لەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرى ھەم مەنىلىرى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن شەرھلەنگەن. بۇلاردىن باشقا، ماقالىدا سانلارنىڭ لېكسىكىلىق تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرى قوشۇمچە قىلىنىپ تەسۋىرلەنگەن.

## ئابدۇللا مەتقۇربان

△ گۈزەللىك ھەققىدە

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1983 - يىل 5 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالە، ئېستېتىكىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ئاساسى كاتېگورىيەسى بولغان گۈزەللىكنىڭ كونكرېت ئامىللىرى ۋە ئىپادىلىرىگە ئاساسەن تەبىئەت گۈزەللىكى، ئىجتىمائىي گۈزەللىك ۋە سەنئەت گۈزەللىكى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدىغانلىقى؛ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە سەنئەتتىكى گۈزەللىكنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىندۇ.

△ ن. گ. چېرنىشېۋسكى ۋە ئۇنىڭ «سەنئەتنىڭ رېئاللىققا بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋەتلىرى» دېگەن ئەسىرى ھەققىدە

«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1984 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدە، چېرنىشېۋسكىنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەت پائالىيىتى، ئانتروپولوگىزملىق تۈپكى پەلسەپىۋى ئىدىيىسى؛ شۇ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىگە ئاساسەن شەكىللەنگەن ئېستېتىك كۆز قاراشلىرى؛ بۇ خىل ئېستېتىك كۆز قاراش ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن ۋە دۇنيا يېقىنقى زامان ماتېرىيالىستىك ئېستېتىكىسىغا كۈچلۈك ئاساس سالغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى — «سەنئەتنىڭ رېئاللىققا بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋەتلىرى» ناملىق ئەسىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئاپتورنىڭ ئاساسىي ئېستېتىك كۆز قاراشلىرى، ئۇنىڭ تۈپ مەزمۇنلىرى، تەسىرى ۋە ئەھمىيىتى قىسقىچە شەرھلەنگەن. ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە ئاساسەن چېرنىشېۋسكى ئېستېتىك كۆز قاراشلىرىدىكى بەزى يېتەرسىزلىك ۋە چەكلىمىلەر كۆرسىتىلگەن. بۇ ماقالە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلمىي ماتېرىيال خاراكتېرىگە ئىگە.

△ «قارا ۋە ئاق» داستانىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم

«تارىم» ژۇرنىلى 1984 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «قارا ۋە ئاق» داستانىدا ئالغا سۈرۈل-

گەن ئىدىيە؛ ئىدىيىنى ئىپادىلەشتە ئاپتۇر قوللانغان ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب؛ بەدىئىي تېمىنى شەكىللەندۈرۈش، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش، ئوبراز يارىتىش جەھەتلەردىكى ماھارەت تەھلىل قىلىنىپ داستاننىڭ ئىستېتىك قىممىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەدەبىي تەنقىتچىنىڭ تەلۋىگە ئاساسەن بەدىئىي ئوبرازلار كونكرېت تەھلىل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

△ ئەدەبىي تەنقىت ئۆلچىمى ھەققىدە مۇلاھىزە

«تارىم» ژۇرنىلى 1985 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالە، تۆۋەندە ئەدەبىياتشۇناسلىقتا بىر قەدەر گەۋدىلىك تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان، تېخىچە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى - ئەدەبىي تەنقىت ئۆلچىمى مەسىلىسىگە قارىتىلغان. ئۇنىڭدا ئەدەبىي تەنقىتنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى ئىزاھلىنىپ ئېلىمىز، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە خىل تەنقىت ئۆلچەملىرى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن يېڭى دەۋرىمىزگە نىسبەتەن چەكلىمىلىكى كۆرسىتىلگەن ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجى، يېڭى دەۋر كىتابخانلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە قويغان جىددىي ئىستېتىك تەلىۋى كۆزدە تۇتۇلغان ۋە ئەدەبىي تەنقىتتە ئىستېتىك ئۆلچەم بىلەن تارىخىي ئۆلچەمنى قوللىنىش ئۈچۈن بەزى تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئېستېتىك ئۆلچەم بىلەن تارىخىي ئۆلچەمنىڭ مەزمۇنلىرى، بۇ خىل ئۆلچەمنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قويىدىغان كونكرېت تەلەپلىرى شەرھىلەنگەن.

△ ۋەتەن قۇربانلىرىغا تىكلەنگەن خاتىرە مۇنارىسى

«شىنجاڭ گېزىتى» 1982 - يىل 26 - دېكابىر

«شىنجاڭ ياشلىرى» 1983 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالە، ئابدۇللا تالىپنىڭ بىئوگرافىك رومانى «قايىنام ئۆركىشى» نەشىر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان. ماقالىدا بۇ رومانىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى قۇرۇلمىسى، ئەسەردىكى تارىخىي چىنلىق ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ماھارەت مەسىلىسى، ئەسەردىكى مىللىي روھ، شۇ نۇقتىدىن بۇ رومانىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەر ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىنغان.

△ بەدىئى ئەسەرلەر بەدىئى چىنلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىشى كېرەك

«تارىم» ژورنىلى 1982 - يىل 11 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ، ئايدۇراخمان ئەبەيىنىڭ «ئۇلارمۇ ئاتا - ئانا بولار» دېگەن ھېكايىسىنى تەھلىل قىلىپ يېزىلغان ماقالە. ماقالىدا بۇ ھېكايە ئۈستىدە ئىلگىرى چىقىرىلغان نامۇۋاپىق مەنتىقى خۇلاسە ھېكايىدىكى بەدىئى چىنلىقنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىنكار قىلىنىپ، ئەسەردىكى بەدىئى ئوبرازلار سەنئەت قانۇنىيىتى، بەدىئى چىنلىقنىڭ تەلىۋى نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ بەدىئى - ئىستېتىك مۇۋەپپەقىيىتى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

## خەمىت زاكىروپ

△ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» قوشۇمچە سان. 1982 - يىل توپلام

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ياقلانغان رىپرات بولۇپ تىل سا- ھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ياخشى باھالانغان.

ماقالىدا ئۇيغۇر تىلى سىنتېتىك تىللار قاتارىغا كىرىدىغان تىل ئىكەنلىكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلار باشقا تىللاردىكىگە ئوخشاش باش مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقى ۋە بۇ تۈرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى تەپسىلىي شەرھلەنگەن.

ئاپتور بۇ ماقالىسىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ دەسلەپكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماقالە 4 بۆلەكتىن تۈزۈلگەن.

1. بۆلەكتە ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھەققىدە سۆزلەنگەن.

2. بۆلەكتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىلگەن.

3. بۆلەكتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن.

4. بۆلەكتە قوشۇمچىلارنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە (سېمانتىك ئالاھىدىلىكى) چۈشەندۈرۈلگەن.

## ئىنايەتۇللا قۇربان

## A

△ «رىيال تۇرمۇشنىڭ جانلىق سۈرىتى»

— «سەھرادىكى كۆڭۈل رىشتىسى» فىلىمى ھەققىدە

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 4 - ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا، كىنودا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىنى مەدھىيىلەش، سيۇژېت ۋە پېرسو- ناژلار خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ئورنى ۋە رولىغا ئېتىبار بېرىش تەلەپ قىلىنغان. كىنوچىلىقىمىزدىكى يېڭى تېخنىكىغا نىسبەتەن زور ئالقىش ھەم يېگىمچە ئۈمىت ئىپادىلەنگەن.

△ «كوممۇنىستلارغا ئوقۇلغان مەدھىيە»

— «ئاخىرقى ھەربىچە سالام» فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن

«تيانشان ئېكرانى» 1984 - يىل 2 - سان

ماقالىدا، ھەربىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش رېئال- لىقى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ھايات تارىخى، ئورنى ھەم ئىدىيىۋى ھالىتى تەھلىل قىلىنغان. بولۇپمۇ ھەربىي سەپتىن — ئەشۇنداق مۇنتىزىم مەكتەپتىن ئايرىلغان سىياسىي يېتەكچىنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتى ئارقىلىق، كوممۇنىستنىڭ روھىنىڭ بىر خىل مەڭگۈلۈك سىياسىي تەقدىدە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

## B

△ شېئىرلار

6 - «گۈزەل تۇرپان» «تۇرپان» ژۇرنىلى 1983 - يىل 3 - سان.

7 - «ئالتۇن تامچە»، «پارتىيەم» «دىلىم سويۇندى» «تۇرپان» ژۇرنىلى 1983 - يىل 4 - سان.

△ ھېكايىلار

1 - «سالام» «شىنجاڭ گېزىتى» 1984 - يىل 11 ․11 ․11

2 - «غازاڭ» «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 - يىل 12 ․12 ․14

3 - «كوچىدا» «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 - يىل 5 ․5 ․15

4 - «ياخشى ئادەت» «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» 1982 - يىل 18 - ئىيۇن.

5 - «جۈرئەت بىلەن شۆھرەت» " " " 1982 - يىل 27 - ئاپرېل.

6 - «ئاسىيە» «شىنجاڭ ئۆسمۈرلەرى گېزىتى» 1982 - 26 - مارت.

7 - «چولپان بىلەن خوراز» (چۆچەك) «تارىم غۇنچىلىرى» ژورنىلى 1982 - 5 - سان.

بۇ ئەسەرلەردە ئىلىم - پەنگە ئىنتىلىش؛ ئەمگەكچان ھەم تىرىشچان بولۇش؛ ۋەتەننى، خەلقنى، پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ناچار، خاتا خاھىشلار ئەنقەت قىلىنغان. ياشلارنى ۋە ئۆسمۈرلەرنى گۈزەل ئەخلاققا، پارلاق كېلەچەككە قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئۈندەلگەن.

△ نەسرلەر

1 - «راۋاپ» «شىنجاڭ سەنئىتى» 1982 - يىل 2 - سان.

2 - «ئارزۇ» «ئىلى دەرياسى» 1982 - يىل 1 - سان.

3 - «ئۈنىڭ خىسلىتى مېنىڭ ئۈلگەم» «شىنجاڭ گېزىتى» 1981 - يىل.

4 - «ئۇستا مۇھەببىتى» " " " 1982 - يىل 1 - ئاي.

5 - «ياشلىقتىن خاتىرە» " " " 1982 - يىل 6 - ئىيۇن.

6 - «ئىلھام بۇلۇغى» " " " 1982 - يىل ئۆكتەبىر.

7 - «يۈرۈكۈم ئۇنى مەدھىيلەيدۇ» " " " 1983 - يىل.

8 - «يېزا تەسىراتلىرى» " " " 1983 - يىل 12 - ئاي.

9 - «ئۇ، ئۇلۇغ ئىنسان» «شىنجاڭ گېزىتى» 1985 - يىل 31 - مارت.

10 - «ۋىژدان» «شىنجاڭ ئاياللىرى» 1983 - يىل 1 - سان.

11 - «ناخشا» «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1984 - يىل 1 - سان.

12 - «ئىككى تامچە ياش» «قاراماي ئەدەبىياتى» 1983 - يىل 3 - سان.

13 - «ئۇلار...» «شىنجاڭ ياشلىرى» 1984 - يىل 5 - سان.

14 - «ئانا، ئۆگەت ئانا تىلىمىنى» «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 - يىل 7 - ئىيۇن.

15 - «ئى فونتان، ئۇ گويا سالىيۇت» «شىنجاڭ ئىشچىلار گېزىتى» 1984 - يىل 4 - ئاپرېل.

16 - «شەرەپ گۈلى» «شىنجاڭ ئىشچىلىرى» 1984 - يىل 30 - ماي.

17 - «سەن چوققىمىز كۆمۈچ يالاتقان» « " " » 1984 - يىل.

18 - «بىر تال بور» «تارىم غۇنچىلىرى» 1984 - يىل 4 - سان.

يۇقۇرقى ئەسىرلەردە بىر تەرەپتىن، ياشلارنى گۈزەل ئەخلاقتا ئۇندەش مەزمۇنى ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار، ھەربىيلەر ۋە ئىشچىلار مەدھىيىلىنىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ سەنئەت گۈلزارى، يۇرتىمىزنىڭ گۈلدەك جامالى ئالقىشلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىتىمىزدىكى ناچار خاھىشلار، توغرا بولمىغان تۇرمۇش ئىستىلى ۋە ئۈمىتسىزلىكلەر، پارلاق ئىستىقبالغا بولغان ئېتىۋارسىز قاراشتەك روھى ھالەتلەر تەنقىت قىلىنىدۇ.

## مۇھەممەت ئىمىن خۇدابەردى

△ بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قانداق توپلىدۇق

«تارىم» ژۇرنىلى 1960 - يىل 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

1959 - يىلى ياز پەسلىدە ئاپتور 40 نەپەر ئوقۇغۇچىغا يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرپاندا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ 5000 كوپلېت قوشاق، 800 ماقال، 100 دىن ئارتۇق چۆچەك - رىۋايەت، 300 كۇبلېت بېيىت، 6 پارچە داستان، 90 پارچە مۇللازەيدىن لەتىپىسى 200 پارچە تېپىشماق قاتارلىق ئەسەرلەرنى يىغقان. 5 تەخسە لىنتىغا تۇرپان ئەلنەغمىلىرىنى ئالغان. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا توپلانغان بۇ يادىكارلىقلار رەتلەنگەن ۋە بىر قىسمى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئاپتور يوقۇرقىدەك ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش خىزمىتىنى ئىشلەش داۋامىدا ھېس قىلغانلىرىنى ماقالە قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ ماقالىدا بىرىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قىزىش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ مەقسىدى، تەلىۋى بايان قىلىنغان. ئىككىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ ئۇسۇل - قەدەملىرى، چارە - تەدبىرلىرى، يونىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتىدە پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىشلەش، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش، كەڭ ئاممىنى قوزغاش مەسىلىسى سۆزلەنگەن. ماقالىدا كۆرسىتىلىشىچە، توپلاش خىزمىتىدە مۇھىم دائىرىنى ۋە مۇھىم نۇقتىلارنى بەلگىلىۋېلىش، ئىدىيىنى ئازات قىلىپ ئالدى بىلەن قايسى مەزمۇندىكى ئەسەرلەر بولسۇن توپلاش كېرەك. ئۈچىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى رەتلەشنىڭ ئەدەبى قىممىتى، ئىلمى قىممىتى بايان قىلىپ بېرىلگەن. تۆتىنچى: خەلق ئەدەبىياتى دەرسىنى تەسىس قىلىش، خەلق ئەدەبىياتى دەرسلىكىنى تۈزۈش، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش مەسىلىرى سۆزلىنىپ، بۇ ھەقتە يېڭى پىكىرلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

△ داستانى مەنسۇر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 - يىل 2 - سانى

مۇھىم مەزمۇنى:

«داستانى مەنسۇر» نامىدىكى بۇ نادىر ئەسەر 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشاپ

ئىجات ئەتكەن ئۇيغۇر شائىرى موللا مۇھەممەت نىيازى تەرىپىدىن 1855 - يىلى يېزىلغان بولۇپ شائىرنىڭ ئۆز قولىيازمىسى سۈپىتىدە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. داستاننى نەشرگە تەييارلىغۇچى، بۇ كىلاسسىك ئەسەرنى 1979 - يىلى رەتلەپ چىققان، 81 - يىلى رەسمىي نەشر قىلدۇرغان. «داستانى مەنسۇر» نىڭ خاھىشى خېلى ئىلغار، بەدىئىي قۇرۇلمىسى پۇختا، ئۇسلۇبى جانلىق، تىلى خەلق تىلىغا يېقىن بولۇپ بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. داستاندا فېئودال - پومېشچىكلار گۇرۇھىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى، ئۇلارنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىرى، جەمئىيەتتىكى قاپلاپ كەتكەن ئادالەتسىزلىك، ئوغرىلىق، - خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان. خەلق ئاممىسىغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈلگەن.

100 مىڭ خەتكە يېقىن بۇ داستان بەلگىلىك دەرىجىدە ماتېرىيال قىممىتىگە ۋە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە.

داستاننى نەشرگە تەييارلىغۇچى داستاننى تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يېزىپ، داستان بىلەن بىللە ئېلان قىلغان.

△ تۆرت ئىمام تەزكىرىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بۇلاق» مەجمۇئەسى 11 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى غەزىنىسىدىكى مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى. داستاننى 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن خوتەنلىك شائىر موللا نىياز خوتەنى يېزىپ قالدۇرغان.

داستان 1791 - يىلى شائىرنىڭ 20 ياش ۋاقتىدا يېزىلغان بولۇپ، ئارۇز ۋەزىنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدىكى 2080 مىسرادىن تۈزۈلگەن. داستاننىڭ مەزمۇنى 3 قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسمى - ھەمدۇ سانا بولۇپ، بۇ قىسىمدا مەھەممەت پەيغەمبەر، 4 چاھارىيار مەدھىيىلىنىدۇ. ئىككىنچى قىسمى - داستاننىڭ ئاساسى ۋەقەلىكى بولۇپ بۇ قىسىمدا ئۇيغۇر تارىخىدا بۇددىزىم بىلەن ئىسلامىيەت ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن كۈرەشلەر تەسۋىرلىنىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى تارىخى بايان بولۇپ، بۇ قىسىمدا شائىرنىڭ ئۆزى، ئۆز يۇرتى، ھاياتى ۋە ئەدەبىي پائالىيىتى تەپسىلىي زىكىر قىلىنىدۇ. ئومۇمەن، داستاندا ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە تارىخىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم بىر دەۋرى بەدىئىي يول بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان.

داستاننى نەشرگە تەييارلىغۇچى «شائىر موللا نىياز خوتەنىنىڭ «تۆرت ئىمام تەزكىرىسى» ناملىق داستانى ھەققىدە» دېگەن ئىلمىي ماقالە يېزىپ، داستان بىلەن بىللە ئېلان قىلغان. ئاپتورنىڭ 15000 خەتلىك بۇ ماقالىسىدا موللا نىياز خوتەنىنىڭ ھاياتى،

ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن، شائىرنىڭ داستانى تونۇشتۇرۇلغان ۋە داستاننىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەدەبىي ئۇسلۇبى، تىلى، شۇنداقلا داستاننىڭ تارىخىي چەكلىمىسى ئۈستىدە خېلى مۇكەممەل ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن.

△ ئوبەيدى قولى شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1985 - يىلى نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

ئوبەيدى قولى ئاتلىق كىلاسسىك شائىرىمىز تەخمىنەن 18 - ئەسىردە ياشىغانلىقى مەلۇم، ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان شېئىر — غەزەللىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇ، ئەينى دەۋردىكى تالانتلىق شائىرلاردىن بىرى. شائىرنىڭ شېئىرلىرى رەتلىك يېزىلغان قوليازما (دىۋان) ھالىتىدە بولۇپ، ئۇنى نەشرگە تەييارلىغۇچى ئۇزۇندىن بېرى ئەتىۋالاپ ساقلاپ كەلگەن ۋە 1984 - يىلى ئىشلەپ نەشرگە تەييارلىغان، شۇنداقلا شائىر ھەققىدە ۋە ئۇنىڭ شېئىر — غەزەللىرى ھەققىدە ئىلمىي تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يېزىپ، داستان بىلەن بىللە قوشۇپ ئېلان قىلغان.

ئوبەيدى قولىنىڭ شېئىرلىرى ناۋايىنىڭ شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. (1) شېئىرلارنىڭ بېشىدا ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە پەيغەمبەر، 4 چاھارىيار مەدھىيىلەنگەن. كېيىنكى چوڭ قىسمىدا ھەققانىيەت، ئادىللىق، ئەدەپ — ئەخلاق. ئىلىم - مەرىپەت كۆز قاراشلىرى ناھايىتى نەپىس بايان قىلىنغان. (2) مۇھەببەت ھىسسىياتى (ئەل - يۇرتقا ۋە سۆيگەن يارىغا بولغان مۇھەببەت ھىسسىياتى) ناھايىتى لىرىك ھالدا تەسۋىرلەنگەن. ئومۇمەن داستان، ئىلىم — مەرىپەتنى، ئالىملارنى مەدھىيىلىگەن. چىن مۇھەببەتنى كۈيلىگەن. شائىر، ئادەم بالىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن مەنىسىز ياشىماسلىقى، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىرەر نەرسە قالدۇرۇشى كېرەك دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن، داستاندا يەنە يامان نىيەتلىك ئادەملەر، پارىخور ئەمەلدار نەپرەت قامچىسى ئاستىغا قىلىنغان.

ئوبەيدى قولىنىڭ شېئىر - غەزەللىرى دىۋانى 1000 مىسرادىن كۆپرەك غەزەلدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. شائىرنىڭ بۇ مىسرالىرى بەلگىلىك دەرىجىدە تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ۋە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە.

# مۇھەممەت زۇنۇن

## A

△ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاب كىرىش سۆز ۋە 10 باپتىن تۈزۈلگەن.

بۇ كىتاب پارتىيىمىزنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتا قىلىش، ئىدىيىنى ئازات قىلىش فاڭجېنىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنى بىر قانچە قېتىم تەكشۈرۈش، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بىرىپچە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش، قايتا - قايتا ئۆزگەرتىش ئاساسىدا يېزىلغان. كىتاپتا ماركسىزىم - لېنىنىزىم پىرىنسىپلىرىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك شەكىللىرى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل تۈر ۋە شەكىللىرى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى چۈشەندۈرۈلگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك شەكىللىرى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە «12 مۇقام»، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ئۈستىدە ئىلمىي مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى دەرسلىكىنىڭ ئاساسى بولۇپلا قالماي، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭمۇ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئىلمىي تەتقىقاتتىكى يېڭى نەتىجە سۈپىتىدە مەسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو كىتابلىرى كۆرگەزمىسىگە ھەمدە شاڭگاڭدا ئېچىلغان كىتابلار كۆرگەزمىسىگە قويۇلدى.

△ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى

ئاھاڭنى نوتىغا ئالغۇچى: ئەمەنجان ئەخمىدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - 1983 -، 1984 - يىللار

مۇھىم مەزمۇنى:

«ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» كۆپ قىسىملىق كىتاب بولۇپ، مىڭدىن ئارتۇق ناخ-

شىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1982 - يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلاپ 1985 - يىلغىچە 5 كىتاپ نەشر قىلىندى. «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» 1990 - يىلغىچە نەشر قىلىنىپ بولىدۇ.

بۇ ناخشىلار 10 نەچچە يىللىق توپلاش، رەتلەش، ئاھاڭلارنى قايتا - قايتا ئېنىقلاپ ئېلىپ سېلىشتۇرۇش ۋە موزىكانتلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە سېلىش ئاساسىدا ئىشلەندى.

بۇ ناخشىلار ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، رەتلەپ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن. نەشر قىلىنىپ بولغان ۋە نەشرگە بېرىلگەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇ - خىل بولۇپ، تارىخىي ناخشىلار، ئەمگەك ناخشىلىرى، تۇرمۇش ناخشىلىرى، مۇھەببەت ناخشىلىرى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاھاڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ خىل بولۇپ، تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر خەلق سىمفونىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تارقىلىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ كىتاپلار ياپونىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرگىمۇ تارقىتىلدى. ياپونىيە قاتارلىق ئەللەر بۇ ناخشىلارنىڭ جەۋھەرلىرىنى قايتا تاللاپ خەلقئارا نوتا ئارقىلىق دۇنياغا كەڭ تۈردە تارقىتىشنى پىلانلىماقتا.

### △ ئۇيغۇر خەلق داستانى — «يۈسۈپ - ئەخمەت»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ داستان يەركەندە خەلق ئىچىدە تارقالغان قول يازما نۇسخىسىغا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانغان «قازان باسما نۇسخىسى» غا، ئاتاغلىق مۇقامچى، قەشقەر كونىشەھەر توققۇزاقلىق ئاۋۇت ئاكىنىڭ ئۇنتۇلغۇ نۇسخىسىغا، ئۇنىڭ ئوغلى ئاتاقلىق راۋاپچى دوستىمىز داۋۇت ئاۋۇتنىڭ كۆپ قېتىم ئېيتىپ بەرگەن خاتىرە نۇسخىسىغا ئاساسەن رەتلەنگەن.

«يۈسۈپ - ئەخمەت» داستانى تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر خەلقى بەك ياقتۇرىدىغان بىر يۈرۈش سىستېمىلىق ئاھاڭغا ئىگە خەلق داستانى. بۇ داستاندا يۈسۈپ - ئەخمەتتىن ئىبارەت ئىككى باتۇرنىڭ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، تاغ - دەريالارنى كېزىپ، ئۆز رەقىپلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سەلتەنەتلىك كۈرەشلىرى ھەممىدە غالىپ كېلىدىغان قەھرىمانلىق روھى، ئالىجاناپ پەزىلىتى تەسۋىرلەنگەن. «يۈسۈپ — ئەخمەت» داستانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر قەدەر تولۇق، سىستېمىلىق، روشەن خاراكتېر يارىتىلغان قەھرىمانلىق داستانى ھېساپلىنىدۇ. بۇ داستاننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ داستاننىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھازىر رايونىمىزدىكى تىياتىر تارماقلىرى بۇ داستاننى سەھنىلەشتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرمەكتە.

△ «ئىزدىنىش» (ماقالىلار)

بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى 12 - ئاي

مەزمۇنى:

بۇ ئاتامىي ماقالىلار ۋە ئوبزورلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭغا «شېئىرىي ئوبراز توغرىسىدا»، «ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتى»، «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى چىنلىق ۋە خاھىشچانلىق»، «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىستېتىك رولى»، «ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا»، «مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت»، «يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى»، «ئەدەبىي تەنقىت توغرىسىدا» قاتارلىق ماقال ۋە ئوبزورلار كىرگۈزۈلگەن. بۇ ماقالىلاردا ماركسىزم ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ماقالىلار ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. «ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى» دېگەن ماقالىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي شارائىتلىرى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى تەپسىلىي شەرھىلىنىپ، ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى باشلىنىش دەۋرىنىڭ بايراقدارى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەت يولى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تارىخىي ئورنى تارىخى پاكىتلار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھايات يولى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىنقىلاۋىي زىيالىيلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى توغرا كۆرسىتىلگەن.

△ «چىنىقىش» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا

△ «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا»

(بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» دېگەن كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن).

مەزمۇنى:

«چىنىقىش» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدا «چىنىقىش» ھېكايىسىدىكى مەتىنيازنىڭ ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ جانلىق خاراكتېرى تەھلىل قىلىنىپ، پېشقەدەم يازغۇچى زوردۇن قادىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ئۆزگىچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» دېگەن ماقالىدا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، يەرلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىر قەدەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىنغان. بۇ ماقالا «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» ناملىق كۆپ قىسىملىق كىتابنىڭ كىرىش سۆزى قىلىندى.

ئاپتورنىڭ يۇقۇرىدىكى تېپىلمىغا كىرگۈزۈلمىگەن، لېكىن، ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان تۆۋەندىكى ماقالىلىرىنى پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

1. ئىنقىلاۋىي رېئالىزىم بىلەن ئىنقىلاۋىي رومانتىزىمنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى.
«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1959 - يىل 9 - سان

2. يېڭى خەلق قوشاقلىرى توغرىسىدا.
«ئاممىۋى كلۇپ» 1960 - يىل

3. ياخشى يېزىلغان شېئىر.
«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1960 - يىل

4. يازغۇچى چوۋيچۇبەي.
«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» 1960 - يىل.

5. سەھنىدىكى يېڭى كەيپىيات.
«شىنجاڭ گېزىتى» 1963 - يىل

6. مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئادەم.
«شىنجاڭ ياشلىرى» 1979 - يىل 1 - سان

7. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرەيلى.
«شىنجاڭ گېزىتى» 1980 - يىل

8. «يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ چېنيىغا يازغان خېتى» نى ئوقۇيلى.
«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1979 - يىل

9. نۇرلۇق مەشئەل
«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1981 - يىل

10. قۇملۇقتىكى يېشىل دولقۇن
«شىنجاڭ گېزىتى» 1980 - يىل

11. ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىك شەكىللىرى
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1980 - يىل

12 - «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس . بەستە سايراش» فاڭجېنى توغرىسىدا
«كىتابلارغا باھا» 1979 - يىل

13 . ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى توغرىسىدا
«كىتابلارغا باھا» 1980 - يىل

14 - تارىخىي دراممىلار ئىجادىيىتى توغرىسىدا.
«شىنجاڭ سەنئىتى» 1982 - يىل 5 - سان

15 . يېڭى تېما - يېڭى ئىزدىنىش.
«قەشقەر ئەدەبىياتى» 1980 - يىل

16 . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشى توغرىسىدا.
«شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1985 - يىل 1 - سان

17 . ئەدەبىي تەنقىتتە خۇش پۇراق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش كېرەك،
«تارىم» ژورنىلى 1985 - يىل 1 - سان

18 . شېئىرىي ئىجادىيەتتىكى ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب.
«شىنجاڭ گېزىتى» 1985 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

19 - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 30 يىللىقى»
«شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1985 - يىل 2 - سان.

20 . تارىخىي ساۋاق (بۇ ماقالا ئازاتلىقتىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەر دەپ باھالىنىپ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى)
«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1980 - يىل 7 - سان

B

تەرجىمىلەر

«ئىككى دۇيجاڭ» ئاپتورى چى شۈشى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1962 - يىل

سايدا ئاپتورى ۋاڭ ۋۇنشى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1963 - يىل

ئافرىقا خەلق چۆچەكلىرى
شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشرى 1963 - يىل

يولدا فاڭجى
«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1963 - يىل

ئۇزۇن سەپەردە جۇڭگونىڭ زوگلى بىلەن بىللە
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1977 - يىل

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ياشلىق دەۋرى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1980 - يىل

چەتئەلنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1985 - يىل

يۇقىرىدىكى كىتابلاردىن باشقا ئاپتورنىڭ "كۈرۈك" قاتارلىق ژورناللاردا كۆپلىگەن تەرجىمە ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى .

## مۇھەممەت ئىمىن

A

△ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇت قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ "دىۋان لۇ-غەتىت تۈرك» ئەسىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981-يىل 1-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ھەققىدە، ئەسەرنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئاپتورنىڭ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ ۋە ئاپتورنىڭ كۆز قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

△ «رېئالىزم ھەققىدە»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 81-يىل 1-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا رېئالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپ ۋە خۇسۇسىيەتلىرى شەرھىلىنىپ، بۇ پرىنسىپ ۋە خۇسۇسىيەتلەر رومانتىزم، ناتۇرالىزم ۋە كىلاسسىزمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كونكرېتنى ھالدا سېلىشتۇرۇلىدۇ ۋە رېئالىزمنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

△ «سەنئەتنىڭ ئىستېتىك تەربىيىۋى رولى ھەققىدە»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 83-يىللىق 3-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدە سەنئەتنىڭ (ھېكايە-رومان، شېئىر، ئوپېرا، كىنو، گۈزەل-سەنئەت، ھەيكەلتاراشلىق، مۇزىكا-ئۇسسۇل، سىرك .... قاتارلىقلارنىڭ) كىشىلەرگە ئىستېتىك تەربىيە بېرىشتىكى رولى بايان قىلىنىدۇ ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مول ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇش لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ.

△ «ناخشا ئىجادىيىتى ھەققىدە»

«ئاممىۋى مەدەنىيەت» ژورنىلى 81 - يىل 4 - سان

بۇ ماقالىدا بىر ياخشى ناخشىنىڭ قانداق ئامىللارنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغانلىقى، بىر ياخشى ناخشىنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن شائىر بىلەن كومپوزىتورنىڭ ئۆز - ئارا قانداق ماسلىشىشى لازىملىقى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

△ «قىزىل تاغ ئېتىكىدە» رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن……

«شىنجاڭ گېزىتى» 76 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا، ئۇيغۇر يازغۇچىسى قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىل تاغ ئېتىكىدە» رومانىدا سابىر، زەيتۇنە …… قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرىنى يارىتىشتىكى ماھىرلىقى ۋە بۇ ئوبرازلارنىڭ روماندا تۇتقان ئىجتىمائىي ئورنى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ. ئۇيغۇر رومان ئىجادىيىتى ھەققىدە كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

B

△ «ۋىراچ»

«تارىم» ژورنىلى 81 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ھېكايىدا ئارسلانوپتىن ئىبارەت بەدىئىي ئوبراز يارىتىلىپ، ئارسلانوپنىڭ بارلىق كۈچى، بارلىق زېھنىنى كېسەللەرنىڭ ئازاۋىنى يېنىكلىتىشكە بېغىشلاشتەك ئالىيجاناپ روھى مەدھىيىلىنىدۇ ۋە كېسەل داۋالاشتىكى بىر تەرەپلىمىلىك، قاتمال، ئۆلۈك ئۇسۇللار تەنقىت قىلىنىدۇ، ئاپتور سەھىيە خىزمىتىنى ئۆزۈل - كېسىل ئىسلاھ قىلىش تەرغىپ قىلىنىدۇ.

△ «قىزنىڭ قەلبى»

«شىنجاڭ گېزىتى» 82 - يىل 12 - ئاي 30 - كۈن سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ھېكايىدا مېھراي، ئالىمجاندىن ئىبارەت ئىككى بەدىئىي ئوبراز يارىتىلغان بولۇپ بۇلارنىڭ جانلىق ئىش ھەرىكەتلىرى تەسىرلىك بايان قىلىنىش ئارقىلىق ياشلارنىڭ ئۆزىنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بېغىشلاشتەك ئالىيجاناپ پەزىلىتى مەدھىيىلىنىدۇ.

C

## ئەدەبىي تەرجىمىلەر

△ «ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر»

«تارىم» ژورنىلى 78 - يىللىق 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ 8 مىڭ خەتلىك ماقالىدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىت- لىكى تۈپەيلىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتتە ھېچقانداق كەڭ يولنىڭ قالمىغانلىقى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنىڭ بوغۇپ تاشلانغانلىقى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

△ «لەيجى ھەسىلى»

«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «باھار شامىلى» مەجمۇئەسى 79 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ 6 مىڭ خەتلىك سەنئەتتە يازغۇچى ھەسەل ھەرىسىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمگەك قىلىپ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەمگەك مېۋىسىنى ئىنسانلارغا بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئالى- جاناپ روھىنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىشقا چاقىرىدۇ.

△ «ھەيكەلنىڭ تىرىلىشى»

«كۆۋرۈك» ژورنىلى 73 - يىل 5 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ 8 مىڭ خەتلىك سەنئەتتە مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى جەريانىدا «خەلق تىياتىرى» نىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر ئۇيغۇر قىزى بىلەن بىر ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ ھەيۋەتلىك ھەي- كىلىنىڭ چىقىپ تاشلانغانلىقى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ ئىككى ھەيكەلنىڭ قايتا تىكلەنگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقە ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇن يىللىق بالايى - ئاپەت جەريانىدا ئۇيغۇر سەنئىتى، ئۇيغۇر تىيا- تىرىنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە تىياتىرىنىڭ قايتىدىن تىرىلىپ جانلانغانلىقى قىزغىن ئىپادىلىنىدۇ.

«ئاققۇ»

«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 85 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ 80 مىڭ خەتلىك ھېكايىلار توپلىمى، 19 - ئەسىردىكى روسىيە يازغۇچىسى سىبىرياكىننىڭ بىر قانچە ھېكايىسىدىن تۈزۈلگەن. سىبىرياك تەبىئەت دۇنياسىدىكى، بولۇپمۇ ئۇچار - قاناتلار دۇنياسىدىكى قىزىقارلىق ۋەقە ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ھەر خىل يامان ئىللەتلەرنى قامچىلايدۇ ۋە ھەر خىل ياخشى پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى، يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

## مۇھەببەت قاسىم

▲ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ئۇنىڭ جۈملىدىكى رولى
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 1983 - يىللىق قوشۇمچە سانى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ـ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ماقالىسى بولۇپ، ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ماقالىدا تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەركەز قىلىنغان ھالدا، ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى نەزەرىيىسىگە ئائىت بىر قانچە مۇھىم مەسىلىلەر مۇھاكىمىگە قويۇلغان ۋە تۆۋەندىكىدەك يېڭى پىكىرلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن:

1. سۆز بىرىكمىسى گىرامماتىكا تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى؛ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ يېتىش سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسى؛ سۆز بىرىكمىلىرىنى مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ۋە ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ؛ مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى، قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئىگە ـ خەۋەرلىك، ئېنىقلىغۇچىلىق، تولدۇرغۇچىلىق، تەڭداش مۇناسىۋەتلەردىكى سۆز بىرىكمىلىرىگە بۆلىنىدۇ؛ مۇستەقىل سۆز بىرىكمىسى رولىغا ئاساسەن ئىسىم خاراكتېرلىك، سۈپەت خاراكتېرلىك، پېئىل خاراكتېرلىك (ھەركەتنامى، سۈپەتداش، رەۋىشداش) دېگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ؛ ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى ئاساسەن ئىسىم ـ ياردەمچى ئىسىم، ئىسىم ـ تىركەلمە، "دەپ" سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى دېگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

2. سىنتاكسىسلىق تەھلىل جەريانىدا، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ تۈز سىزىقلىق ئالاھىدىلىكىگە قاراپلا قالماستىن، يەنە جۈملىنىڭ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىگىمۇ نۇقتىلىق ئېتىبار بېرىش كېرەك؛ ئەنئەنىۋى بولغان بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى جۈملىنىڭ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ؛ شۇڭا، قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، يېڭى بىر خىل ئۇسۇل بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك.

ماقالىدا، ھەر قايسى مەزمۇنلار مول تىل پاكىتلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن ۋە ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدا، پۈتۈنلەي يېڭى بولغان جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئەمەلىي مەشغۇلاتتىن ئۆرنەكلەر بېرىلگەن.

▲ جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا*

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1983 - يىلى 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

جۈملە تەھلىل قىلىشتىن مەقسەت - جۈملىدىكى گىرامماتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق، جۈملىنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت.

جۈملە ئىپادىلىنىش شەكلىدىن قارىغاندا، تۈز سىزىقتا ئىپادىلەنگەن سۆز تىزمىسى بولسىمۇ، ئەمما سۆزلەرنىڭ بىرىكىپ جۈملە ھاسىل قىلىشى مەلۇم قاتلام بويىچە بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ مەلۇم قاتلام بويىچە بىرىكىشى - جۈملىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىمىرىدىن بىرى. شۇڭا، جۈملە تەھلىلىدە جۈملىنىڭ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلىشى كېرەك. ئەنئەنىۋى بولغان بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى جۈملىنىڭ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بىۋاسىتە تەركىپلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى جۈملىدىكى بىرلىكلەرنىڭ بىرىكىش ئالاھىدىلىكىنى ۋە جۈملە نۇسخىلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇ ئىككى خىل تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۆلەك - بىۋاسىتە تەركىپلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، جۈملىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تەھلىل قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

ماقالىدا، يېڭىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي مەشغۇلاتتىن ئۈرنەكلەر بېرىلگەن.

▲ كېلىش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ گىرامماتىكا ئوقۇتۇشىدا بىر تەرەپ قىلىنىشى توغرىسىدا**

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1984 - يىل 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

كېلىش مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇنازىرە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. گىرامماتىكا قانۇنىيىتى بىلەن گىرامماتىكا نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش مۇنازىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا پايدىلىق. قۇرۇلما نەزەرىيىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىل يېڭى كېلىش نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىل نەزەرىيە پۈتۈن جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ بولغىچە، باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆتىلىدىغان

** بۇ ماقالە يولداش خالىق نىياز بىلەن بىرلىكتە يېزىلغان.

مەكتەپ گىراماتىكىسىنى يەنىلا 6 كېلىش بويىچە تۈزۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەردە يېڭى كېلىش نەزەرىيەسىنى تونۇشتۇرۇش كېرەك. ئۇيغۇر تىلىنى چەت تىل سۈپىتىدە ئوقۇتۇشتا، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئانا تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۇلار ئوڭاي قوبۇل قىلالايدىغان، ئىگەللىيەلەيدىغان دەرىجىدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

## ▲ تۇرپان مۇرتۇق شېۋىسىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلاد*

بېيجىڭ «مىللەتلەر تىل-يېزىقى» ژورنىلى 1984-يىل 3-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالە تەكشۈرۈش دوكلادى بولۇپ، ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق تۇرپان مۇرتۇق شېۋىسى بىلەن ئەدەبىي تىلنىڭ فونېتىك ئالاھىدىلىكى سېلىشتۇرۇلغان.

مۇرتۇق-ئەدەبىي تىلغا ئاساس بولغان مەركىزى دىيالېكت رايونىنىڭ بىر نۇقتىسى. بۇ نۇقتىنىڭ فونېتىك ئالاھىدىلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئەدەبىي تىل نورمىسىنى بەلگىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتور تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىگەللىگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساسىدا، مۇرتۇق شېۋىسىنىڭ فونېتىك ئالاھىدىلىكىنى—فونېما ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىنى، تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنى، مۇرتۇق شېۋىسىنىڭ ئەدەبىي تىل تەلەپپۇزى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقلىرىنى ۋە پەرقىنى ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرگەن.

* بۇ ماقالە يولداش خالىق نىياز بىلەن بىرلىكتە يېزىلغان.

## مۇھەممەت ئىمىسا

△ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم

«مىراس» ژورنىلى 1984 - يىل 3 - سان.

مەزمۇنى :

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلەر تۆت كىچىك مەزمۇنغا بۆلۈپ سۆزلىنىدۇ.

بىرىنچى مەزمۇندا؛ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى، ھەمدە ئۇنىڭ كىشىلىكنى يېتىلدۈرۈشتىكى، ئاغزاكىلىق، ئۆزگىرىشچانلىق ۋە ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيىتى قىسقىچە سۆزلىنىدۇ. ئارقىسىدىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ يازما ئەدەبىيات بىلەن بولغان پەرقى، شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن ئوخشاشلىق تەرەپلىرى ۋە پەرقى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى مەزمۇندا؛ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى سۆزلىنىدۇ.

ئۈچىنچى مەزمۇندا؛ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ رېئال ۋە غايىۋى مەزمۇنلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

تۆتىنچى مەزمۇندا؛ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى، رېئالىستىك ۋە رومانتىك چۆچەكلەر (ھايۋانات چۆچەكلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى سۆزلىنىدۇ. ماقالىدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق يازما ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا بەزى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق قىسقىچە مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

△ پىروزىمىزنىڭ مول مېۋىسى

«شىنجاڭ كوئوپىراتىپچىلىقى» ژورنىلى 1985 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ بىر تەنقىدات خاراكتېرلىك ماقالا بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچى ئايشەم ئەخمەتنىڭ تارىخىي رومانى «ئىزچەس ئىزلار» ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدا ئالدى بە-

لەن رومانىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر پروزا تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى، يازغۇچىنىڭ تارىخى ۋەقەلىكنى بەدىئىي يول بىلەن خېلى مۇكەممەل، ئىشەنچىلىك تۇردە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى ھەققىدە پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئارقىدىن رومانىنىڭ ئالغا سۈرگەن ئاساسىي ئىدىيىسى ۋە غايىسى، ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى تەھلىل قىلىنىدۇ.

ماقالىدا؛ رومانىنىڭ بەدىئىيلىكى ھەققىدىمۇ قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن، ئەسەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، ئوبرازلىرىنىڭ ھەم ئومۇملىقى ۋە خاسلىقى ئىگە بولغانلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئاخىردا رومانىنىڭ تىلى جەھەتتىكى بەزى يېتەرسىزلىكلىرى، سيۇژېت جەھەتتىكى بەزى قالايمىقانچىلىقلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

## مۇھەممەت تۇرسۇن سادىق

### A

∧ «قەدىر - قىممەتنىڭ ئۆلچىمى»

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى 1982 - يىل 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا قەدىر - قىممەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا بولىۋاتقان تۈرلۈك - ئوخشاشمىغان غەيرى قاراشلارغا رەددىيە بېرىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەدىر - قىممىتى جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ۋە ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت كەلتۈرۈش يولىدا ئۆز ھاياتىنى ئۇلۇغۋار ئىشلارغا بېغىشلاش ئارقىلىق مۇئەييەن مۇۋاپىقىيەت نەتىجىلىرىنى قازىنالىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى ئاساسى مەزمۇن قىلىنىپ، بۇنىڭ بىلەن قەدىر - قىممەتنى ئۆلچەشتە نېمىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىگە ئىلمى ئاساستا جاۋاپ بېرىلگەن.

△ «لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئوقىغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984 - يىل، 3 سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ھېكايە، شېئىر ۋە فىلىيەتونلىرىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇن تەھلىل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

△ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاشتىكى ئۇسۇل ۋە بەزى تەجرىبىلەر»

«شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى» 1984- يىل 1- سان.

مۇھىم مەزمۇنى :

بۇ ماقالىدا شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات پاكولتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆچار ناھىيىسى

گە يېزىپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاشتىكى ئۇسۇل ۋە بەزى تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، توپلاش جەريانىدا دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەر، دىققەت قىلىدىغان مۇھىم ئىشلار... ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە بۇ مەسىلىلەر يورۇتۇلۇپ بېرىلىدۇ.

△ «ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى توغرىسىدا»

«تۇرپان» ئەدەبىياتى 1981 - يىل، 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى تەھلىل قىلىنىدۇ ۋە شائىرغا باھا بېرىلىدۇ. بولۇپمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى مەخسۇس تەھلىل قىلىنىپ بىر ھەقىقەتكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى كۈچەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

△ «كىنو سىنارىيە ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىلىشى كېرەك»

«تۇرپان» ئەدەبىياتى 1983 - يىل، 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا بىر قەدەر ياخشى يېزىلغان كىنو سىنارىيە ئەسەرلىرى تەھلىل قىلىنىپ كىنو سىنارىيە ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش، كىنو ئىجادىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

△ « "ئايىمنىسا" داستانى توغرىسىدا»

«شىنجاڭ كۆتۈپخانىچىلىقى» 1984 - يىل، 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ھەر بىر كىشى تۇرمۇشتا ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك سەپداش بولغۇچى جەمرانى توغرا تاللىۋالالمىسا تۇرمۇشتىكى خاتىرجەمسىزلىك ۋە بەختسىزلىكتىن ھامان خالىي بولالماي نورمال خىزمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. ماقالىدا داستاننىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى كۆرسىتىلىدۇ، شۇنداقلا داستاندىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەر تەنقىت قىلىنىدۇ.

△ «"ساداقەت" ھېكايىسى توغرىسىدا ئىككى كەلىمە سۆز»

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەدھىيىلىنىپ، ۋەتەنسىزلىكتىن ئىبارەت خائىنلىق قاتتىق تەنقىت قىلىنىدۇ. ھېكايىنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك يېزىلغان تەرەپلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى ئىپىزوتلار ئۈستىدە تەنقىت ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەم كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇھەببەت مەسىلىلىرىگە بولغان بەزى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

△ «ئانىنىڭ قەلبى»

«شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» 1985 - يىل، 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا ياخشى يېزىلغان شۇ ناملىق ئەسەر تەھلىل قىلىنىپ، ئانا قەلبىنىڭ مەرتلىكى، سېخىيلىقى مەدھىيىلىنىدۇ ۋە بىر قىسىم پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋە جەمئىيەتكە بولغان ھۆرمەتسىزلىكى تەنقىتلىنىدۇ. ئاپتۇر ئەسەردىكى ئىككى خىل دەۋر روھى ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم تەھلىل ئېلىپ بېرىپ بېيىۋاتقان دېخانلار تۇرمۇشىنى مەدھىيىلەش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

B

«شاتلىق تامچىسى»

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى 1982 - يىل، 7 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ھېكايىدا يېڭى دەۋردىكى ياشلارنىڭ شانلىق ئوبرازى يارىتىلىپ يېڭى دەۋردە يېڭىچە روھ بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ لېي فېڭچە روھى مەدھىيىلىنىدۇ.

«يامانلاشنىڭ ئاقىۋىتى»

«شىنجاڭ ئاياللىرى» 1984 - يىل، 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ھېكايىدا ئائىلە تۇرمۇشى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ يامانلاپ كېتىشتەك بولمىغۇر

ئىللەت تەنقىت قىلىنغان ۋە ياماللاشتىن كېلىپ چىققان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى تەنقىتلەش ئارقىلىق ئىناقلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

«خوپ بولدى»

«تارىم» ژورنىلى 1984 - يىل، 7 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ھېكايىدا 4 كىشىلىك گۇرۇھ قالدۇرۇپ كەتكەن ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنىپ، قانۇن - تۈزۈم ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە رىئايە قىلىنمىغاندا قانداق ئاچچىق ئاقىۋەتلەرنىڭ سادىر بولىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«يىمىرىلگەن سۈيقەست»

شىنجاڭ «ياچىيكا تۇرمۇشى» ژورنىلى 1985 - يىل، 6 - سان.

مەزمۇنى:

بۇ ھېكايىدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا بىر قىسىم خىزمەت ئىستىلى توغرا بولمىغان رەھبىرى خادىملارنىڭ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى، ئۆتنىڭ ئورنىغا يېڭى رەھبىرى تايانچىلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى، بۇ ئارقىلىق ئىلغارلىقنىڭ قالاقلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## مەتلى دانى

△ ئەدەبىياتنىڭ سىياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمى ژورنىلى» 1981 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى

ماقالىدا ئەدەبىيات بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى مەسىلىسى ماركسىزم - لېنىنىزمچە دىئالېكتىكىلىق ئۇسۇل ئاساسىدا تارىخى ۋە ئەمەلى نۇقتىدىن بىر قەدەر ئېنىق يېشىپ بېرىلگەن.

ماقالە مەزمۇن ئېتىۋارىدىن ئېيتقاندا ئىككى بۆلەككە بۆلىنىدۇ. بىرىنچى بۆلەكتە ئەدەبىياتنى سىياسىغا زورمۇ - زور چېتىپ قويۇش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتلەر تەنقىت قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدەبىياتنى سىياسىدىن تامامەن ئايرىپ تاشلايدىغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىلچىمۇ مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدىغان ئىدىيىۋى ئېقىممۇ تەنقىت قىلىنىدۇ. بۇ مەسىلە 19 - ئەسىر ياۋروپا ئىشچىلىرى كۆرىشىدىن تارتىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىغىچە بولغان تارىخى مىساللار ھەمدە ئېلىمىز "يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى" ۋە "4 - ماي ھەركىتى" ئەمەلىيىتىدىكى، شۇنداقلا ئازاتلىق ئۇرۇش ۋە يېڭى دەۋر ئىنقىلاۋىدىكى رېئال پاكىتلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

ماقالىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە ئەدەبىياتنى سىياسىنىڭ "كانايچىسى" قىلىپ قويىدىغان، ئەدەبىيات سىياسى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ دەپ قارايدىغان تار، مۇتەئەسسىپ، سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىم جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەلىپى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى نۇقتىئىنەزىرىدىن تۇرۇپ تەنقىت قىلىنىدۇ.

ماقالىدا يەنە ئىجادىيەت مىتودىغا ئائىت مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، "ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنىڭ يۆنۈلىش ۋە تېمىلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

△ فارابىنىڭ بەزى ئىستېتىك قاراشلىرى توغرىسىدا

«شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى 1984 - يىل، 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى

ماقالىدا ئېنسىكلوپېدىك ئالىم فارابىنىڭ ئەينى دەۋرىدىكى ئىستېتىك قاراشلىرى،

بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرىيەت ۋە مۇزىكا جەھەتتىكى ئېستېتىك قاراشلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ماقالە قۇرۇلما جەھەتتىن تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

1 - بۆلەكتە فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشنىڭ مەنبەئى ۋە ئىدىيىۋى ئاساسى، ئۇنىڭ ئارىستوتېل ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى ئىلغار-لىقى، سەنئەت كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى يىغىنچاق بايان قىلىنغان.

2 - بۆلەكتە فارابىنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى ئاساسلىق كىتاپلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ شېئىرىيەت ۋە شائىرلار ھەققىدىكى مۇھىم تەتقىقاتى ۋە قاراشلىرى ھەمدە شېئىرى ئىجا-دىيەتكە قويغان ئېستېتىكىلىق تەلەپلىرى سۆزلەنگەن.

3 - بۆلەكتە فارابىنىڭ مۇزىكا تەتقىقاتىدىكى نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ قاراشلىرىنىڭ پىفاگور قاراشلىرىغا نىسبەتەن پەرقى، ئەمەلىيلىكى ۋە قايىل قىلارلىقى ئۇنىڭ كونكرېت نۇقتىئىنەزەرلىرى ئارقىلىق شەرھىيلەنگەن.

4 - بۆلەكتە فارابىنىڭ ئاتاغلىق مۇزىكا نەزەرىيىچىسى، مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى ۋە مۇزىكا چالغۇچىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ ئىككى تۈرلۈك ئەمەلىي سەۋەبى سۆزلەنگەن. شۇن-داقلا ئۇنىڭ توپكى پەلسەپىۋى بىلىش نەزەرىيىسى تونۇشتۇرۇلغان.

△ ئېستېتىكىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1985 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى

بۇ ماقالىدا ئىجتىمائىي پەن بولغان ئېستېتىكىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇنا-سىۋىتى چۈشەندۈرۈلگەن.

ماقالىنىڭ باش قىسمىدا تارىختىكى چەتئەل ۋە جۇڭگو پەيلاسوپلىرى، ئېستېتىكلىرى، ماتېماتىكلىرى ۋە رەسساملىرىنىڭ گۈزەللىك نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغان تەبىئىي پەن خا-راكتېرلىك مۇلاھىزىلىرى ۋە كۆزىتىشلىرى بايان قىلىنغان.

ماقالىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئېستېتىكىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئائىت بەش تۈرلۈك چوڭ نەزەرىيىۋى ئاساس سۆزلەنگەن.

ماقالىنىڭ ئاياق قىسمىدا ئېستېتىكىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى كۆپىنچە ھاللاردا ماددى مەھسۇلاتلاردىن ناھايىتى روشەن چۈشىنىۋالغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەنىۋى مەھسۇلاتلاردىنمۇ روشەن ھېس قىلىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىنغان ھەمدە بۇ خىل كۆز قاراش تەبىئىي گۈزەللىك ھادىسىلىرىدىمۇ تەدبىق قىلىنغان. بىلىشنىڭ ئېستېتىك ئاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئېستې-

تىلنى بىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە باسقۇچلىرى ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزۈلگەن.

△ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1983 - يىل، 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى

بۇ ماقالىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئىخچام بايان قىلىنغان.

ماقالە قۇرۇلما جەھەتتىن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

1 - بۆلەكنىڭ ماۋزۇسى «ئىجاتچانلىق ۋە كوللېكتىپچانلىق» بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بايان قىلىنغان.

2 - بۆلەكنىڭ ماۋزۇسى «ئاغزاكىلىق ۋە تارقىلىشچانلىق» بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە جۇغراپىيىلىك ئولتۇراقلىشىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇقتىسىنەزەرىدىن تۇرۇپ بايان قىلىنغان.

3 - بۆلەكنىڭ ماۋزۇسى «ئۆزگىرىشچانلىق ۋە ۋارىسچانلىق» بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىكى سەۋەبلەر تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان. ۋارىسچانلىق مەسىلىسى تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلار ئارقىلىق بايان قىلىنغان.

△ ئەدەبىي تىلدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەر ۋە ئۇنى تۈزىتىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە قىسمەن ئىزلىنىش

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1984 - يىل، 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى

ماقالىدا ئەدەبىي تىلىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بەزى يېتەرسىزلىكلەر ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن ۋە تەنقىت قىلىنغان. گىرامماتىكا، لوگىكا ۋە ئىستىلىستىكىلىق قاراشلار نۇقتىسىدا تۇرۇپ، تىلنى ئېنىق، توغرا ۋە ئۇنۇملۇك ئىپادىلەشنىڭ زۆرۈرلىكى تەشەببۇس قىلىنغان.

ماقالە قۇرۇلما جەھەتتىن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى بۆلەكتە، ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن تىلى ئوي - پىكىرىگە خىلاپ ياكى نامۇۋاپىق بولغان ئابزاس ۋە جۈملىلەردىن مىسال ئېلىنىپ، ئۇنىڭدىكى يېتەرسىزلىكلەر كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەكتە، تەرجىمە تىلىدىن كىرىۋاتقان بەزى مۇۋاپىقسىز جۈملە شەكىللىرى

ۋە ئاتالغۇلاردىكى كەمچىلىكلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تەرجىمە سۈپىتىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەكتە: ئەدەبىي تىلنىڭ ئىپادىلىنىش ۋاسىتىسى بولغۇاتقان چوڭ ئىككى تىل شەكلى — ئىجادىي ئەسەرلەر بولسۇن ياكى تەرجىمە ئەسەرلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىل قائىدىسىگە بويسۇنىشى لازىملىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتورلارنىڭ تىلغا ئائىت چۈشەنچە-لەرنى ۋە ئۇنى توغرا ئىپادىلەشكە ئائىت پەننى بىلىملەرنى ئىگىلىشىپ ئۆگىنىشىنىڭ لازىملىقى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.

## نەسرۇللا يولبولدى

△ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

شىنجاڭ رادىيو سىغەن داشۆسى 1978 - يىل نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتابتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەۋەلىكى ھەم شەكىللىنىشى، ئۇنىڭ دىئالېكتلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى (فونېما سىستېمىسى، ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە 32 تاۋۇشنىڭ فىزىكىلىق، فىزىئولوگىيىلىك ھەم ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى، بۇ تاۋۇشلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرلىك بەلگىلىرى ھەم تۈرگە بۆلۈنۈشى، ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر، بوغۇم ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى... قاتارلىق جەھەتلەر) ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي چۈشەنچە؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكولوگىيىسى (ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سېماسىئولوگىيىسى ۋە ئېتىمولوگىيىسى؛ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى ھەم لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنا جەھەتتىن بۆلۈنۈشى، لۇغەتشۇناسلىق، لۇغەت تەركىبىنىڭ تەرەققىياتى) ھەققىدە تەپسىلىرەك چۈشەنچە؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا قاراپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشى، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى (سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش، ياسىلىش ۋە ئۆزگىرىش جەھەتتە مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما ھاسىل قىلىش ئالاھىدىلىكى) ھەم ھەر قايسى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ مەنا، قۇرۇلما ھەم سىنتاكسىسلىق رولى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ئاددىي جۈملە ھەم قوشما جۈملە ھەققىدىكى سىنتاكسىسلىق قائىدە، قانۇنىيەتلەر ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

△ تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي باشقارمىسى 1982 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتابتا تىلشۇناسلىقنىڭ قىسقىچە تارىخى، تىلنىڭ ماھىيىتى، ئىنسانلار تىلىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى، دۇنيادىكى تىللارنىڭ

قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ھەم ئۇلارنىڭ تۈرلەرگە (تىل سىستېمىلىرى ۋە ئائىلىلىرىگە) بۆلۈنىشى، يېزىق ۋە ئۇنىڭ رولى ھەم دۇنيادىكى يېزىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى.... قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيادىكى تىللارغا ئورتاق نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ھەققىدە چۈشەنچىلەر بېرىلىدۇ. شۇنداقلا ئالتاي تىللىرىشۇناسلىقى ۋە تۈركىي تىللىرىشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىدۇ.

△ تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئاساسىي بىلىملەر

بېيجىڭ «مىللەتلەر نەشرىياتى» 1983 - يىلى 2 - ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:

كىتابتا تىلنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تىلنىڭ ماھىيىتى (تىلنى ئەمگەك ياراتقانلىقى، باشلانغۇچ تىلنىڭ تاۋۇشلۇق تىل ئىكەنلىكى، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى، تىلنىڭ ئاساسىي گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش بىلەن ئاساسىي لۇغەت تەركىبى ئىكەنلىكى، تىلنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە ئىكەنلىكى، تىلنىڭ ئومۇمخەلقنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى ۋە تەپەككۇر قىلىش قورالى ئىكەنلىكى)؛ تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى (تىل تاۋۇش، سۆز ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشتىن ھاسىل بولىدىغان بىر سىستېما ئىكەنلىكى، تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ھەم پەرقى)؛ تىل تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى، تىل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي جەريانى، تىللارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان تەسىرى ھەم تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى، تىللارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيە قىلىنىشى؛ ئورتاق تىل ۋە دىئالېكت ھەم ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى؛ يېزىق ۋە ئۇنىڭ رولى، يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى.... قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيادىكى تىللارغا ئورتاق نەزەرىيىلەر قىسقىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ.

△ تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1980 - يىلى 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش قائىدىلىرىنى ھەم تىنىش بەلگىلىرىنىڭ سانىنى بەلگىلەشتە ئاساسلىنىدىغان پىرىنسىپ؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ھەر بىرىنى توغرا ئىشلىتىشكە ئائىت قائىدە - قانۇنىيەتلەر، يېزىق تىلىمىزدا تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشتە ساقلانغان قائىدىگە خىلاپ ئەھۋاللار قىسقىچە چۈشەندۈرۈلگەن.

△ ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش كاتېگورىيىسى ھەققىدە مېنىڭ قارىشىم

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 - يىل، 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش كاتېگورىيىسى ۋە ئۇنىڭ مەنا ھەم شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ يەتتە خىل شەكىلدە بولىدىغانلىقى ۋە بۇ خىل شەكىللەرنىڭ مۇھىم مەنا ھەم قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى، باشقىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان كېلىش شەكىللىرىنىڭ كېلىش ئەمەس، بەلكى سۆز خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكۈچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئۆزگىرىشكە كىرگەن قۇرۇلما ئىكەنلىكى.... قاتارلىق جەھەتلەردىكى شەخسى قاراش ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىپ چۈشەندۈرۈلگەن.

△ قوشما جۈملىنى تۈرگە بۆلۈش ئۆلچىمى توغرىسىدا

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىل، 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

قوشما جۈملىنىڭ تىل بىرلىكلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ بىرلىك ئىكەنلىكى، ئالاقە شارائىتىدا قوشما جۈملىنىڭ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى، شۇڭا قوشما جۈملىنى تۈرگە بۆلۈش مەسىلىسىنىڭ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن قوشما جۈملىنى تۈرگە بۆلۈش ئۆلچىمىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى ھەم قوشما جۈملىنى تۈرگە بۆلۈشنىڭ توغرا ئۆلچىمى ھەم بۇ ئۆلچەم بويىچە قوشما جۈملىنىڭ تۈرگە بۆلۈنۈشى...... قاتارلىق مەسىلىلەر چۈشەندۈرۈلگەن.

△ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى

بېيجىڭ «مىللەتلەر نەشرىياتى» 1983 - يىلى، 12 - ئايدا نەشر قىلغان. «تۈركى تىللار تەتقىقاتى» دېگەن كىتابنىڭ 2 - قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېزىقتىن پايدىلانغاندىن بۇيانقى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى تۆت خىل ئەدەبىي يېزىق تىلى باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى، ھەر بىر تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىي يېزىق تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى...... قاتارلىق جەھەتلەردە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

△ «تۈرك» سۆزى ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي يېزىق تىللار توغرىسىدا★

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا «تۈرك» سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى قىسقىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ. تۈركى تىللارشۇناسلىقى ۋە تۈركى تىللار تەتقىقاتىنىڭ جەريانى ھەم تۈركى خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي يېزىق تىللارنىڭ (تارىختىكى ئەدەبىي يېزىق تىللارنىڭ) ئالاھىدىلىكلىرى؛ دۇنيادىكى ۋە جۇڭگودىكى تۈركى تىللارنىڭ سانى ھەم ئۇلارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى...... قاتارلىق جەھەتلەر قىسقىچە شەرھىلىنىدۇ.

△ ئالتاي تىلشۇناسلىقى ھەققىدە

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا ئالتاي ۋە ئالتاي تىلشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىش؛ ئالتاي تىلشۇناسلىقىنىڭ تىلشۇناسلىقتا تۇتقان ئورنى ۋە ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە جەريانى، ئالتاي تىللىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ۋە كلاسسىفىكاتسىيىسى......قاتارلىق جەھەتلەردە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

(بۇ ماقالە مۇھەببەت قاسىم بىلەن ئىجادىي ھەمكارلىقتا يېزىلغان).

---

★ بۇ ماقالە مۇھەببەت قاسىم بىلەن ئىجادىي ھەمكارلىقتا يېزىلغان.

# نۇرمۇھەممەت زامان

## A

△ «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن لېكسىيەلەر»
«شىنجاڭ رادىيو سىفەن داشۆسى» نەشرى 1983 - يىل 11 - ئاي.

مۇھىم مەزمۇنى:
ھەر قانداق مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە نۇرغۇنلىغان ئەدىپلەر، تارىخچىلار، سەنئەتكارلار مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇلار پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنى نامايەن قىلىدىغان ۋە خەلقىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى، ئارزۇ - ئارمانىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ شۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تاكى ئازاتلىققا قەدەر بولغان يېرىم ئەسىر داۋامىدا ئەنە شۇنداق نامايەندىلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلار مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. قېرىنداش مىللەتلەر ۋە چەتئەللەرنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۇيغۇر رېئالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسىنى تولدۇردى. كىتابتا مانا شۇ تەسىرلىك ئەدەبىي تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

△ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم»
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1984 - يىل 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئوت - يالقۇنلىرى، زۇلۇم دەستىدىن يانار تاغ ھالىتىدە تۇرغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆرەش پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇردى؛ 1917 - يىلدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مىللەتنى ئازات قىلىشنىڭ نۇرلۇق يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي كۆرەشمۇ ئەۋج ئېلىپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ دېموكراتىك، خەلقچىللىق ئىدىيىسى يېڭى يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلاندۇردى، بۇ يېڭى ۋەزىيەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى دەۋرنىڭ ئاساسى خاھىشى نامايەن قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئالدىنقى دەۋردىكى ئەجداتلار ئورۇندىيالمىغان ۋە ئورۇنلىيالـ-

شۇ مۇمكىن بولمايدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ، ئۇيغۇر يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىيات مەيدانىغا كېلىپ تارىخىمىزنى بىر - بىرىگە ئۇلىدى. بۇ ماقالىدا مانا شۇ تارىخىي جەريان بايان قىلىنىدۇ.

△ «كىنوچىلىق تارىخىغا بىر نەزەر»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1981-يىل 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

كىنو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ يېڭى سەنئەت شەكلى بولۇپ، قىزىقارلىق، ئىخچام بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلقنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. كىنو مەلۇم دۆلەتتە چەكلىنىپ قالماي دۆلەت ۋە مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەندى. كىنو زادى قاچان پەيدا بولغان؟ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىشتا قانداق جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن؟ ئېلىمىز كىنوچىلىقنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ ماقالىدا مانا مۇشۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلىدۇ.

△ «كىنونىڭ باشقا ئەدەبىي شەكىللەردىن پەرقى»

«تىيانشان ئېكرانى» 1982 - يىل 7 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

كىنو بارلىق سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولسىمۇ، ئۇ يەنە تىپىك ئەسەرلەر بىلەن سەھنە ئەسەرلىرىدىن ئۆزىگە خاس بولغان بەدىئىي ۋە تېخنىكىۋى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ماقالىدا ئەنە شۇ پەرقلەر سېلىشتۇرما قىلىنىپ، كونكرېت مىسال ۋە ئېنىق پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە كىنو سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بىر نەچچە خىل ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغان.

△ «كىنودىكى قىستۇرما بايان چىنلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك»

«تىيانشان ئېكرانى» 1983 - يىل 6 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

كىنودا باش تېمىنى كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرىش، پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇكەممەل

يارىتىش ياكى ۋاقىئەلىك كومپوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، تاماشىبىنلاردا ھەيرانلىق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى كىنو ۋەقەسىگە جەلپ قىلىشتەك بەدىئىي ئېھتىياجنى ئا-سەن قىستۇرما بايان ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ تاماشىچىلارنىڭ ۋەقەلىك سىيۇژىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، مەلۇم ئەھۋالىنىڭ سادىر بولۇش سەۋەبى ياكى ھادىسىنىڭ مەنبەسىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈ-چۈن بېرىلگەن مۇھىم ئىزاھاتتۇر. بۇ مەسىل ئەمەلىي مىساللار بىلەن شەرھىيلەپ بېرىلىدۇ.

△ «مونتاژ توغرىسىدا»

«تىيانشان ئېكرانى» 1981 - يىل 8 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان كىنو سەنئىتىنى قىزىقارلىققا ئىگە قىلغان ئامىل مونتاژ بولۇپ، ئۇنىڭ كىنودىكى ئورنى كۆچمە ئابزاسلار بىلەن ئوخشاۋىراق كېتىدۇ، مونتاژ كۆرۈنۈشلەردىن بىر - بىرىگە چېتىشتا ئۇلىغۇچىلىق رول ئوينايدۇ. مونتاژنىڭ ياردىمى بىلەن كىشىلەر كىنودا داۋالغۇپ كېتىۋاتقان ۋەقەلەرگە نىسبەتەن بىر خىل تەكەممۇللاشقان ئۇقۇم، رىياللىقتىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەر قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقان تەسەۋۋۇر، پەرەز ۋە ھۆكۈمگە ئىگە بولىدۇ. مونتاژ دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان نۇرغۇن جەريانلار ۋە ئۆزگىرىش-لەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ، ھەرخىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ياراتتى. مونتاژ بىشارەت. ماددا، دىئالوگ، مۇزىكا قاتارلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىدۇ. جۇڭگو كىنوچىلىقىنى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مونتاژ قىلىشنىڭ خىلمۇ - خىل ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش - تەتقىق قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش كېرەك.

ماقالىدا مۇشۇ مەزمۇن خىلى جانلىق بايان قىلىنىدۇ.

△ «كىنونىڭ يېڭى تەرەققىياتى»

«شىنجاڭ گېزىتى» 1982 - يىل 3 - ئاي ...... كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا، تاماشىبىنلارنىڭ كۆرۈش سەزگۈ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، بىرلا ۋاقىتتا مىتاللىق ئېكرانغا چۈشۈرۈلۈپ، پولياريزاتسىيە كۆزەينىكى ئارقىلىق كۆرگەندە قالتىس ھوزۇر ئالغىلى بولىدىغان ئىسترو كىنوسىنىڭ تېخنىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە بۇ يېڭى كىنو تېخ-نىكىسىنىڭ سىرى چۈشەندۈرۈپ بېرىلىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە ئېلىمىزدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

△ «كىنو ئوبزورچىلىقىنى راۋاجلاندۇرايلى»

«تىيانشان ئېكرانى» 1983 - يىل، 8 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

كىنو سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كىنو ئوبزورچىلىقى مۇھىم ۋاستە بولۇپ سانىلىدۇ. كىنو بىلەن ئوبزورنىڭ مۇناسىۋىتى پىچاق بىلەن بىلەيننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. بىلەي پىچاقنى ئۆتكۈر قىلالىغاندەك، كىنو سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى، روناق تېپىشىدا جانلىق، جەڭگىۋار ئوبزورنىڭ رولى غايەت زور بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقانىي تەلىپى، ئارزۇسىنى ئىنكاس قىلىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ساغلام جارى قىلدۇرۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. ساغلام راۋاجلىنىۋاتقان كىنو ئوبزورچىلىقىمىزدا يەنە بەزەن ئۇقسانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ ھەر تەرەپتىكى ئامىللارغا باغلىق ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي ئوبزورچىلىقىمىزدا جۇشقۇن، جەڭگىۋار ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن بىر مۇنچىلىغان تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇيغۇر كىنوچىلىقى، دۇنيا كىنوچىلىقى ۋە مەملىكىتىمىز كىنوچىلىقىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشالايدۇ ۋە دادىل قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

ماقالىدا شۇ مەزمۇن بايان قىلىنىدۇ.

△ «يېڭى سەھىپە»

«تىيانشان ئېكرانى»، 1982 - يىل، 10 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

پەن تېخنىكىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا قالتىس مۇھىم رول ئوينىغان كىنو سەنئىتىنىڭ ھەر خىل تۈر ۋە شەكىللىرىنى ياراتتى. بېيجىڭ كىنو ئىستودىيىسى ئىشلىگەن تاق ئاپاراتلىق ئىسترو كەڭ ئېكرانلىق رەڭلىك ھېكايە فىلىم «ياڭ خۇەن بىلەن لى شياۋ - شياۋ» نىڭ ئىسترولۇق تەسىرى كۈچلۈك، كۆرۈنۈش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئىسترو ئېكرانى ئوبرازنى خېلى مۇكەممەل يارىتىپ ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلالىغان. كىنو، ئىسترو تېخنىكىسى جەھەتتىن ئەمەس، سىنارىيىنىڭ كومېدىيەلىك خۇسۇسىيىتىنىمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنالىغان.

ماقالىدا مانا شۇ پاكىت چۈشەندۈرۈلىدۇ.

△ «دەۋر ئېقىمى»

«تىيانشان ئېكرانى»، 1982 - يىل، 5 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

شىياۋشياڭ كىنو ئىستودىيىسى ئىشلىگەن «زامانىمىزدىكى كىشىلەر» ناملىق رەڭلىك

ھېكايە فىلىمدا قايىنام - تاشقىنلىق كۆرەش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بىر ئەۋلات ياش كۈچلەر تەسۋىرلەنگەن فىلىمدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك تۆرىچىلىكنى تۈگىتىش، رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى ياشلاشتۇرۇش، ئىلىملاشتۇرۇش، كەسپىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. فىلىمدە بۇ مۇھىم تېما دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. زامانىمىزدا مەيدانغا كېلىۋاتقان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالايدىغان ھەم كەسپىي جەھەتتىن ھەم رەھبەرلىك سەنئىتى جەھەتتىن لاياقەتلىك بولۇپ، ئۇلۇغ يۈرۈشنىڭ بۈيۈك كارۋىنىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرەلەيدىغان ياش، قاۋۇل كۈچلەردىن رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆتكۈزۈش - بۇ، دەۋر ئېھتىياجى، خەلق تەلىۋىدۇر.

ئاپتور ماقالىسىدا بۇ مۇھىم مەزمۇننى كونكرېتنى تەھلىل ئارقىلىق بايان قىلغان.

△ «توغرا ئىستىلغا تەشەككۇر»

«شىنجاڭ گېزىتى»، 1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

شاڭخەي كىنو ئىستودىيىسى ئىشلىگەن «بۇ ئۇقۇشماسلىق ئەمەس» ناملىق رەڭلىك ھېكايە فىلىمدە «4 پەسىل باھار» كۆكتاتچىلىق دۇكىنىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئۇيغۇن بولمىغان ناتوغرا خىزمەت ئىستىلى - ئارقا ئىشىكتىن مېڭىشقا يول قويۇش بىلەن ئارقا ئىشىكنى توسۇش ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ئېلىشىش جەريانىدا دۇنيا قارىشى، غايىسى، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە مىجەز خۇلقى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل پېرسوناژنىڭ بەدىئىي ئوبرازى مۇۋاپىق يارىتىپ بېرىلىپ، ناتوغرا خىزمەت ئىستىلى پاش قىلىنىدۇ، تەنقىت قىلىنىدۇ، توغرا خىزمەت ئىستىلى تەشەببۇس قىلىنىدۇ، پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەركىزى ئىدىيە كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ.

△ «چىن ئىنسانلىق بۇرچ»

«تىيانشان ئېكرانى»، 1983 - يىل 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

زىددىيەت ۋە كۆرەشكە تولغان دۇنيادا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى تەڭسىزلىك تۈپەيلىدىن بەزىلەر خورلىقتا ياشىسا، بەزىلەر ھۆرلۈكتە ياشايدۇ؛ بەزىلەر ئۆكتەملىك، بېشەملىك بىلەن بېشىنى يېسە، يەنە بەزىلەر چىن ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ گۈزەل ئەخلاقتىن پارلاق نۇر چاچىدۇ.

فىلىمدە گەرچە سىياسىي تۈزۈم جەھەتتىن بىز بىلەن ئوخشاش بولمىغان كاپىتالىس-

نىڭ جەمئىيەتتىكى ھايات تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ فىلىمدىن بىز ئۇچۇرنىمۇ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك بولغان تۇرمۇش دەرسلىكىنى ھېس قىلىمىز. پاكىستاننىڭ «كىشىلىك دۇنيا» ھېكايە فىلىمىدە ئەركىنلىك، باراۋەرلىكتىن ئىبارەت ئىچىشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىمۇ ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىنىۋاتقان، ئۇنى ئاغدۇرىدىغان كىشىلەر قوشۇنىنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقى، جاھالەتنىڭ ئەشۇ كىشىلەر تەرىپىدىن گۇمران قىلىنىدىغانلىقى، سائادەتنىڭ ئەشۇ كىشىلەر تەرىپىدىن يارىتىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلىدۇ.

ئاپتور بۇ پاكىتنى جانلىق تەھلىل ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويغان

△ «بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى يېڭى ئۇتۇق»

«شىنجاڭ گېزىتى» 1984 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

مۇھىم مەزمۇنى:

ھەر تۈرلۈك بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى پىششىق ئىگەللەپ، ئۇنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، كىنو سىنارىيىسىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ھەم جانلىق ھەم چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگەندىلا فىلىمنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا تيەنشان كىنو ئىستودىيىسى ئىشلىگەن رەڭلىك ھېكايە فىلىم «ئەرتىس بولمايدىغان قىز» پېرسوناژلارنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك خارەكتېر خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىپ، فىلىمنىڭ تەربىيىۋى كۈچىنى ئاشۇرغان. ئاپتور، رېژىسسور ۋە ئارتىستلار شەكىللەۋازلىققا، قېلىپبازلىققا بېرىلمەي، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئامما قارشى ئالىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى يارىتىپ، ياش كىنو سەنئەتكارلار ئىقتىدارىنىڭ ئۈمىدلىك ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى، شىنجاڭ كىنوچىلىقىنىڭمۇ زور ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

△ «ئەل ئۈمىدىنى ئاقلىغان ياشلار»

«تيەنشان ئېكرانى» 1985 - يىل 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

80 - يىللاردىكى جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ئاجايىپ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆز كۈچى، ئەقلى پاراستىگە يۆلىنىپ، يېڭى ھايات سەھىپىسىنى ئېچىش ئۈچۈن ھەركەت قىلدى، ئىزدەندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زور بىر تۈركۈمى يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىپ بىر يېڭى يولنى ئاچتى. جۇڭجياڭ كىنو ئىستودىيىسى ئىشلىگەن «بىلىقپۇرۇشلۇق دۇكىنى» ناملىق رەڭلىك ھېكايە فىلىمىدە دەۋرىمىزنىڭ ئەنە شۇ ئاكتۇئال تېمىسى، يېڭى ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن تەسىرلىك، جانلىق ۋە قىزىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

△ «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز»

«تارىم» ژۇرنىلى، 1984 - يىل 1 - سان،

مۇھىم مەزمۇنى:

مەسەل، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدا ناھايىتى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىي شەكىل بولۇپ، كۈچلۈك كىنايە، تەنە ۋە پاش قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى، قاراتمىلىقى، دارىتمىلىشىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن باشقا ژانىرلاردىن پەرقلىنىدۇ. 1983 - يىلى «تارىم» نىڭ 4 - سانىغا بېسىلغان ئىككى پارچە مەسەل رىيال تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» سېلىنغانىدەك باپ چۈشكەن.

ئاپتور ماقالىدا شائىر جاپپار ئەھەتنىڭ ئىككى پارچە مەسىلىنى تەھلىل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بەرگەن.

B

△ «شاھزادە ۋە ئۇنىڭ دوستى»

«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1983 - يىل نەشرى.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىنو سىنارىيىسىدە ساددە، نادان شاھزادە بىلەن ئۇنىڭغا تامامەن قارمۇ - قارشى تەبەقىدىن كېلىپ چىققان سەرگەندان مەردانىنىڭ چىن دوستلۇقى تەسۋىرلەنگەن، مەردانىنىڭ ۋاپادارلىق، باتۇرلۇق، پەم - پاراسەتلىك قاتارلىق ئېسىل پەزىلىتى، نادان شاھزادىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن مەھبۇبىنى قولغا كەلتۈرۈرشتىن ئىبارەت مۇشكۈل، خەتەرلىك ۋە مۇرەككەپ جەريان ئىچىگە قويۇپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ھەمدە بۇ ئىككى ياشنىڭ جاپالىق ھاياتتا بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئادىل پادىشانىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ۋارىسى بولۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان.

△ «سايلامنىڭ ئالدى - كەينىدە»

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 - يىل 12 - ئاپرېل.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ھېكايىدا سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا كۆرۈلىۋاتقان بەزەن كىشىلەردىكى تىلى بىلەن دىلى، دېگىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىمايدىغان، يالغانچىلىق، ئىچى تارلىق، كۆرەلمەسلىك، خۇشامەتچىلىكتەك ناتوغرا تورمۇش ئىستىلى ئېچىپ تاشلانغان. بۇ ئىش سايلامنىڭ ئالدى - كەينىدە بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ۋاقە ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

△ «ساۋاقدىشىم»

«شىنجاڭ ياشلىرى»، 1984 - يىل 9 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ھېكايىدە مەنسەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن كىبىر تونىغا ئورىنىۋېلىپ، تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن، قارا نىيەت، سۇيىقەستچى، مەغلۇبىيەتنى غەلىبە دەپ بىلىدىغان پىرسەنتپەرەس كىشىلەرنىڭ ئەپتى بەشىرىسى پاش قىلىنىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، كۆرەلمەسلىك، كەمسىتىلىش، خورلاش "جازا" سى ئاستىدا قەھرىمانلارچە قەد كۆتۈرۈپ، ۋەتەن، خەلق، ئەۋلاتلار ئۈچۈن مەردانىلىق بىلەن ئىشلەپ شان - شەرەپ قازىنىۋاتقانلارغا خەيرىخالىق، ھەمنەپەسلىك قىلىنىدۇ.

△ «دانىشمەن بالا»

«شىنجاڭ نەشرىياتى»، 1980 - يىل نەشرى.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاپ 7 پارچە شېئىرى چۆچەكتىن تەركىپ تاپقان. گەرچە خەلق چۆچەكلىرىدە ھەر خىل قىزىقارلىق ئاجايىپ ۋاقەلەر بايان قىلىنغان، بۇ شېئىرى چۆچەكلەر قاراتمىچانلىق، بىشارەت بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەر بىرىسىدە يېڭى دەۋردە مەۋجۇت بولغان مەلۇم ئىدىيە كۆزدە تۇتۇلغان. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دەۋر جىددى مۇھتاج بولۇۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەخلاق، چىن دوستلۇق، ۋاپادارلىق، مەرتلىك - مەردانىلىق، پەم - پاراسەتلىك، ساداقەتلىك، ئاق دىللىق قاتارلىق گۈزەل مىللى پەزىلەت؛ دۈشمەنگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك، تەۋرەنمەي كۆرەش قىلىش ئىرادىسى؛ ھەقىقەت ۋە ئادالەت يېرىلدىكى ئادىمىگەرچىلىك، ھەمنەپەسلىك ئىستىلى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بولۇپمۇ ئۇسمۇرلەر ۋە ياشلارنى ئويلاندۇرىدىغان كۆپلىگەن ئىدىيە ۋە قاراشلار ۋاقەلىكلەرنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.

△ «دوستلۇق ناخشىسى»

«شىنجاڭ گېزىتى»، 1973 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى.

مۇھىم مەزمۇنى:

داستاندا، كويىقاپنىڭ دەۋازىسىدىن ئېتىلىپ چىققاندەك دەھشەتلىك بورانىنىڭ، يەر جاھاننى زىل - زىلىگە سېلىپ گۈكىرەپ، سۇ ئامبىرىدا تاشقىن پەيدا قىلغانلىقى، يىلقىلار ئۈركۈپ كېتىپ جىلغا، يوتىلاردىن ئېشىپ كېلىۋاتقاندەك ھەيۋەت بىلەن ياماراپ كېلىۋات-

قان ناشقىنىڭ بىپايان يېزىلارغا تەھدىت سېلىپ، يېزىلار، ئېتىزلار، مال-ۋاران، ئىمارەت-جان قاش بىلەن كىرىپمەك ئارىسىدىكى جىددىي خەۋپتە قالغانىدا، چىگرا رايونىنى قوغداۋاتقان پەرزەنت ئەسكەرلەر گويا كى قانائىلىق تۇلپاردەك سۇ ئامبار تۇغامى ئۈستىدە پەيدا بولغانلىقى، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىرگە قولنى-قولغا تۇتۇشۇپ، مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ، تاشقىنغا قارشى جەڭگە چۈشكەنلىكى: «ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاقلىشىپ بولسا بىر كىشى، يەر-يۈزىدە بولالمۇن كىمىرۇ تەڭدىشى» دېگەن ياڭراق ناخشىنىڭ بوران ۋە شاۋقۇنلار ئىچىدە ياڭرىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئومۇمەن چىگرا رايوندىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيە كاماندىر-جەڭچىلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، كۆيۈنۈش ۋە پىداكارلىق روھى تاشقىن خەۋپىنى تۇسۇش ۋەقەسى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلىدۇ.

△ «تىللاردا داستان يىگىت»

«شىنجاڭ ياشلىرى»، 1965-يىل 24-سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىنى گۈللەندۈرۈۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا، تىللاردا داستان بولىدىغان نى، نى ۋەقەلەر مەيدانغا كەلدى. مىللەتلەر دوستلۇقىنىڭ گۈلىنى ئېچىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن خۇشپۇراق چېچىلدۇرۇش يولىدا نى، نى قەھرىمانلار مەردانىلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، «1961-يىلى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئويناۋاتقان ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر توپ بالىلارنى، ئات ئۈركۈپ قاچقان ھارۋىنىڭ بېسىۋېتىش خەۋپىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ ئالغان، قورغاس ناھىيە كۆرە گۇڭشېسىدىكى يولداش شەنمىننىڭ ئەنە شۇ مەردانىلارنىڭ بىرىسىدۇر. داستاندا ئۇنىڭ باتۇرلىقى، كۆيۈمچانلىقى، مىللەتلەر دوستلۇقىنى قوغدىغان ئۇلۇغۋار روھى مەدھىيىلىنىدۇ.

△ «ئىلى ۋادىسى»

«ئىلى ناخشىلىرى» (شېئىرلار توپلىمى) دا 1975-يىل 5-ئاي، «ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇت نەشرى.

مۇھىم مەزمۇنى:

ئازاتلىقتىن كېيىن ۋەتىنىمىز تېز تەرەققىي قىلىپ، يېزىلاردا ئالەمشۇمۇل يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلدى. ئۆز يۇرتىدىن ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ كەتكەن كىشىلەر، قايتىدىن يۇرتىغا

بارسا بۇ خىل زور ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ ئاسان بايقاپ ئالالايدۇ. بۇ ئەسەردە ئىلى ۋادىسىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭىلىقلار ھاياجان ئىچىدە بايان قىلىنىدۇ.

△ «نېفىت شەھرىدە»

«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»، 1979 - يىل 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ئىشچىلار سىنىپى ئورنى ئۆزگىرىپ، قۇللۇقتىن دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، پرولېتارىياتچە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە جانپىدالىق بىلەن كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلىپ، سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىدىكى جاپالىق كۈرەشتە ئالدىدا ماڭدى. شېئىردا ئاپتونوم رايونىمىز نېفىتلىكىدىكى يېڭى قىياپەتلەر ۋە ئىشچىلارنىڭ جاسارىتى، مەسئۇلىيەت-چانلىقى كىچىك - كىچىك ۋەقەلەر قۇرۇلمىسى ئارقىلىق سىستېمىلىق ھالدا بايان قىلىنىپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇلىدۇ.

«قىزىل بىنا»

«تارىم»، 1983 - يىل 7 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

شىنجاڭ داشۆ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئالىي بىلىم يۇرتى. ئۇنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى ھەتتا ھاياتىنى بېغىشلىدى. شۇلارنىڭ ئەجرى بىلەن قىزىل بىنا پەيدا بولغان. قىزىل بىنا ئەنە شۇ قەھرىمان ئەۋلادلارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قىزىل بىنا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەر قايسى سەپ-لىرىگە ئارقا - ئارقىدىن، تۈركۈم - تۈركۈملەپ قۇرغۇچىلارنى ئۇزاتتى. بۇ شۇڭقارلار ئۇ جايلاردا يەنە سان ساناقسىز ئىز باسارلارنى تەربىيىلىدى. غۇنچىلاردىن غۇنچىلار ئېچىلدى. بۈگۈن قىزىل بىنا ئىلىم - پەن دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرىدا گويا بىر ھەيۋەتلىك كاراپتەك ئۈزۈپ ئالغا - پارلاق كەلگۈسىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

C

«خەلقنىڭ ياخشى پەرزەنتلىرى»

«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1965 - يىل 3 - ئاي نەشرى.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتابچە 10 پارچە ئوچېركتىن تۈزۈلگەن. ئوچېركلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە

قەھرىمان شەھىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزغۇنچى، يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلارچە كۈرەشلىرى، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن قەيسەرلىكى ۋە بۇ كۈرەشتە ئىپادىلىگەن پىداكارانە ئالىيجاناپ روھى ھىكايە قىلىنىدۇ. بو-لۇپمۇ دېڭىز بويلىرىغا جايلاشقان يېزا - كەنتلەردىكى بېلىقچىلارنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ھوشيارلىق بىلەن ئېلىپ بارغان ئىشپىيون تۇتۇش پائالىيەتلىرى قىزىقارلىق تەسۋىرلىنىدۇ، شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىز بىرىنچە داڭقى چىققان قەھرىمان شۈي شىڭخۇي، قىزلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى ئەن چىڭشيالىڭ ۋە ھاياتىنى پارتىيىگە بېغىشلىغان ئۈلگىلىك پىيونېر لىيۇ ۋېنشۇ قاتارلىقلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ھىكايە قىلىنىدۇ.

«ئاز سانلىق مىللەت ئاقىللىرىنىڭ لەتىپىلىرى»

«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1981 - يىل 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ۋەتىنىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدا چۆچەك، ئەپسانە، قو-شاقلاردىن تاشقىرى لەتىپىلەرمۇ چاقناپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ كىتابتا قېرىنداش مىل-لەتلەرنىڭ مەشھۇر لەتىپىچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ لەتىپىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «چاگدىر لەتىپىلىرى»نى مەزكۇر ئاپتور تەرجىمە قىلغان.

چاگدىر (1869 - 1929) موڭغۇل خەلق شائىرى، كىچىكىدە لاما مەدرىسىدە ئوقىغان. كېيىن «يۇرت كەزگۈچى راھىب» بولۇپ، سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا تىلەمچىلىك بىلەن يۇرت ئارىلىغان. ئۇ ئۆتكۈر قۇرالى بولغان ھەجۋى شېئىرلىرى ئارقىلىق شۇ چاغدىكى زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى ۋە فېئوداللىق ھۆكۈمرانلارنى شەپقەتسىز تۈردە پاش قىلغان ۋە قام-چىلىغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە رىيال تۇرمۇش ئەپچىل بەدىئىي تۈزۈلما ئارقىلىق قايتا كۆرسىتىلىپ، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل زىددىيەتلەر، كۈرەشلەر تېخىمۇ ژىغىنچاق، تېخىمۇ ئۆت-كۈر ئىپادىلەنگەن. ئەمگەكچىلەرنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئەقىل - پاراسىتى گەۋدىلىك تەسىرلىك ھالدا نامايەن قىلىنغان، راھەت - پاراغەتتە، ئەيشى - ئىشرەتتە ياشاۋاتقانلارنىڭ يىرگىنىشلىك، كۈلكىلىك ئەپتى - بەشىرىسىمۇ چۆكۈپ تاشلانغان. چاگدىرنىڭ مۇھەببەت - نەپ-رىتى ئېنىق شېئىرلىرى موڭغۇل يايلاقلىرىغا كەڭ تارقىلىپ كەتكەن.

«مەشھۇر چەتئەل يازغۇچىلىرى»

«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1983 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتابتا 400 دىن ئارتۇق چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلغان.

ئاپتور بۇنىڭ ئىچىدىن 100 مىڭ خەت، 20 دىن ئارتۇق يازغۇچىنىڭ تەرجىمىھالىنى تەرجىمە قىلغان. بۇلار ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان ياكى كۆرۈنەرلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى بار يازغۇچىلاردۇر. كىتابتا يازغۇچىلارنىڭ ھاياتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە، بولۇپمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيىتىگە نوقتىلىق باھا بېرىلگەن. ھەمدە بەزى يازغۇچىلارنىڭ سىنىپىي چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

«مەشھۇر چەتئەل يازغۇچىلىرى» ناملىق بۇ كىتاب، كىتابخانلارنىڭ چەتئەل ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن تونۇمۇيۇزلۇك تونۇشۇشىدىلا ئەمەس بەلكى ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كەسپىي خاراكتېرلىك پايدىلىنىش قوللانمىسى، شۇنداقلا كەڭ جامائەتچىلىككە يۈزلەنگەن ساۋات خاراكتېرلىك ئوقۇشلۇقتۇر.

بۇلاردىن باشقا ئاپتور «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1984-يىلى نەشرگە بېرىلگەن «مەشھۇر چەتئەل ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى» ناملىق كىتاپتىن 80 مىڭ خەت تەرجىمە قىلدى ۋە ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا 30 مىڭ خەت ئەتراپىدا تەرجىمە ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى، دەرس ۋە ئىلمىي تەتقىقاتقا پايدىلىنىش ئۈچۈن 200 مىڭ خەت ئەتراپىدا ھەر خىل ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلدى.

## پەرىدە ھاموت

△ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوللانغان يېزىقلىرى توغرىسىدا

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى :

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوللانغان يېزىقلىرىدىن ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىق ۋە ئۇنىڭ ئىملا قائىدىلىرى تونۇشتۇرۇلغان، شۇنداقلا تارىخىي رېئاللىقنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان خېلى تەرەققىي قىلغان مۇكەممەل يېزىقلارنى قوللىنىپ، شانلىق ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۆز تىلى بىلەن خاتىرىلەپ كەلگەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

# سالى خۇدابەردى

△ «ئەدەبىي تەنقىت ۋە ئۇنىڭ رولى ھەققىدە»

«شىنجاڭ گېزىتى» 1982 - يىل 15 - ماي

مۇھىم مەزمۇنى:

ئەدەبىي تەنقىت گەرچە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە قارىغاندا يەنىمۇ ئاڭلىق، يەنىمۇ ئېنىق ۋە يەنىمۇ چوڭقۇر ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ، كۆپ ھاللاردا مەلۇم دەۋرنىڭ، مەلۇم مىللەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان تەلىپىنى، ئېھتىياجىنى ۋە ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇئەييەن ئەدەبىي تەنقىت مەلۇم ئىجتىمائىي غايە، سىياسىي قاراش ۋە ئېستېتىكىلىق ئىدىيىنىڭ ئىنكاسى ۋە شەرھىسىدۇر. ئۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن قوغداش، رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلگىرى سۈرۈش، ياكى رەت قىلىش، چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىت تەسىرات ۋە چۈشەنچە دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا، بەدىئىي شەكلىنىڭ نازۇك جايلىرىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، يەكۈن خاراكتېرلىق چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، يازغۇچىلار بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. ھەمدە ئىجادىيەت بىلەن زوقلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىجادىيەتنىڭمۇ، زوقلىنىشنىڭمۇ سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ.

△ «بەدىئىي ئوبراز ھەققىدە»

«شىنجاڭ گېزىتى» 1982 - يىل 28 - مارت

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئوبراز دېگەن ئۇقۇم ۋە ئۇنىڭ كەڭ ۋە تار دائىرىدىكى مەنىلىرى ھەم ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانلىرى بايان قىلىنغان.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە توپ ئىدىيە ۋە مۇددىئانى، غايە ۋە ئىرادىنى كونكرېت، بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈش — سەنئەتنىڭ ئاساسلىق قانۇنىيىتىدۇر. يازغۇچى - سەنئەتكارلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان توپ ئىدىيە ۋە مۇددىئانى ئەنە

شۇ ئوبرازغا يوشۇرۇن سىڭدۈرۈش ئارقىلىق كىتاپخانلارنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ ۋە كىتاپخانلارنىڭ ئۆزلىرى تېپىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلىدۇ، مۇنداق يوشۇرۇپ قويۇش بىلەن تېپىۋېلىش— يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ بەدىئىي ئوبراز يارىتىشى بىلەن كىتاپخانلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازدىن بەھرىمەن بولۇشى ئوتتۇرىسىدىكى دىيالېكتىك مۇناسىۋەتتۇر.

ماقالىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار خىلمۇ-خىل ۋە مۇرەككەپ بولغىنىدا ئوخشاش بەدىئىي ئوبرازلارمۇ خىلمۇ-خىل ۋە رەڭگا-رەڭ بولىدىغانلىقى، شۇڭا يازغۇچى-سەنئەتكارلار رەڭگا-رەڭ بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشى لازىملىقى كۆرسىتىلگەن.

△ «كىنو سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»

«قەشقەر سىفەن شۆيۈەن ئىلمىي ژورنىلى» 82-يىل 3-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

كىنو سەنئىتى يېقىنقى زامان تارىخىدا بارلىققا كېلىپ، ئۆزىنى ئىشلەپچىقارغان دۆلەت چېگرىسىدىن ۋە مەلۇم بىرەر مىللەت تىل-يېزىقى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ پۈتۈن دۇنياغا تارالغان ھەم تېز سۈرئەتتە گۈللىنىۋاتقان سەنئەت شەكلىدۇر.

1895-يىلى فرانسىيەدە بارلىققا كەلگەن ئاۋازسىز كىنودىن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھېسابلىغاندا، كىنو سەنئىتى 90 يىللىق تارىخقا ئىگە ياش ئۈنۋېرسال سەنئەتتۇر.

ماقالىدا يەنە، كىنوچىلىق سەنئىتىنىڭ جۇڭگودا بارلىققا كېلىشى، كىنو سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر بىر قەدەر تەپسىلىي شەرھىلەنگەن.

△ «ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1983-يىل 2-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ئىنسانلاردا بىر-بىرى بىلەن باغلىنىشلىق، لېكىن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل تەپەككۇر پائالىيىتى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ بىرى، لوگىكىلىق تەپەككۇر بولۇپ، ئۇنى مەنتىقە، ياكى مۇھاكىمىلىق تەپەككۇر شەكلى دېسەمۇ بولىدۇ.

ئىنسان تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئىككىنچى خىلى ئوبرازلىق تەپەككۇر بولۇپ، ئۇنى ئادەتتە بەدىئىي تەپەككۇر، ياكى ئىستېتىكىلىق تەپەككۇر شەكلى دېسەمۇ بولىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت مۇھىمى ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئاساس قىلىدۇ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنى رېئالىستىك ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋاسىتىسى تىپىكلەش-

گەن بەدىئى ئوبرازدىن ئىبارەت. دېمەك بەدىئى ئوبراز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھاياتى، ئوبرازدىن ئايرىلسا ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ھەر مىللەت مۇتەپەككۇرلىرى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئوبراز ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرنى چۆرىدىگەن ھالدا سان ـ ساناقسىز مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان.

ئوبرازلىق تەپەككۇر دېگەن ئاتالغۇنى 19 ـ ئەسىر رۇس ئىنقىلاۋى دېموكراتلىرىدىن ۋ. گ. بېلىنسكى (1811 ـ 1848) 1841 ـ يىلى يازغان «سەنئەت ئۇقۇمى» دېگەن ماقالىسىدا ئىستېتىك ئاتالغۇ سۈپىتىدە رەسمى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

ئالىملارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 ـ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ پائالىيەت جەريانى باشتىن ئاخىر جانلىق، كونكرېت ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ.

2 ـ ئوبرازلىق تەپەككۇر تەسىرات ۋە ھېسسىيات تەرەپتىن قوزغۇتۇلغان بىر خىل بىلىش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ يەنە ھېسسىياتنى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

3 ـ ئوبرازلىق تەپەككۇر چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ ماس ھالدىكى بىرلىكىنى نامايەن قىلىدۇ.

△ «مىللى تۇرمۇش ۋە مىللى ئەدەبىيات»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984 ـ يىل 1 ـ سان

مۇھىم مەزمۇنى:

مەلۇمكى ئورتاق تېررىتورىيىدە ياشىغان ئادەملەر بىرنەچچە ئەسىردىن پەيدىن ـ پەي ئىقتىسادى تۇرمۇش بىرلىكى، تىل بىرلىكى ۋە پسىخىك تۈزۈلۈش بىرلىكى ۋۇجۇتقا كېلىپ، شۇ مىللەت تۇرمۇشىنى باشقا مىللەتلەر تۇرمۇشىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ مىللى تۇرمۇش دېيىلىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى رېئال تۇرمۇش، ئەدەبى ئەسەر بولسا ئەنە شۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ پىششىقلانغان مەھسۇلى. شۇڭا ئەدەبىياتتا قايسى مىللەت ھەققىدە سۆزلىنىدىكەن شۇ مىللەت خەلقىنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكى ئىپادە قىلىنماي مۇمكىن ئەمەس. دېمەك ئەدەبىياتتىكى مىللىيلىك ـ شۇ مىللەت خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا خاس مىللى خۇسۇسىيەتلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر.

ئەدەبىياتتىكى مىللىيلىك ـــ دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا، مەلۇم بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئۆزىدە ھازىرلىغان خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئەنە شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى

بىلەن شەكلى، ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى مىللىيلىك بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مىللىي ئۇسلۇبنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە روشەن مىللىيلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ مىللىي خۇسۇسىيەتلەر كۆپلەپ توپلانغان ھەمدە ئۇ راۋاجلىنىپ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە پىشىپ يېتىلگەن باسقۇچقا يەتكەندىلا ئاندىن ئالاھىدە مىللىي ئۇسلۇب بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى مەزمۇن ۋە ئىدىيىۋىلىك نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلغاندا ئالدى بىلەن ئوبرازلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى، مىللىي تېمىنى، مىللىي تۇرمۇش كارتىنىسىنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىل ۋە بەدىئىلىك نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلغاندا، مىللىي تىل، ژانىر ۋە بەدىئىي ماھارەت قاتارلىقلار ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئۇسلۇب تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.

△ «ئۇيغۇر يېزىقى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىمىز»

«قەشقەر سىفەن شۆيۈەن ئىلمىي ژورنىلى» 1981 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى، مۇشۇ يېزىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ــ مىللىي يېزىقلىرى شۇ مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىردىن - بىر كۆۋاچىسى ئىكەنلىكى، يېزىق مەسىلىسىدە تارىخىمىزدا يۈز بەرگەن يېزىق ئالماشتۇرۇشلارنىڭ پايدا - زىيانلىرى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن.

ھەر قايسى مىللەتلەردىكى تاۋۇش، سۆز، گىراماتىكىدىن تەركىب تاپقان تىلدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ھادىسە روشەن، ئورتاق ھەم مۇستەھكەم مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، مەيلى قايسى مىللەتنىڭ تىلى بولسۇن ئۇ تىلنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى) ئۆزىنىڭ باشقا مىللەتنىڭ تىلى بىلەن بولغان پەرقىنى جەسۇرلۇق بىلەن ساقلاپ قېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

بىر مىللەت تىلىدىن، ئىككىنچى بىر مىللەت تىلىغا سۆزلەر ئۆتىشىدىكەن ئۇ سۆزلەر ھامان ئۆز مىللىي تىلىنىڭ ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ، يەنى چوقۇم تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ. بۇ، رۇس، ئىنگلىز، ئەرەپ، خەنزۇ تىللىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. شۇڭا بىرەر چەت تىل ئاتالغۇلىرىنىڭ ھەر قايسى تىلدا ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن ھەر قانچە

«تاۋۇش ئىسلاھاتى»، «يېزىق ئىسلاھاتى» يۈرگۈزگەن بىلەنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ.

مەلۇمكى، تىل جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلىدۇ، ئۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا تىللاردىن مەلۇم سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىدۇ. قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر قوبۇل قىلغۇچى تىلنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكىسىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. تىلنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، قائىدىلىرى شۇ تىلنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بەلگىلىگۈچى ئامىل، ھەمدە ئۆز تىلىنى قوغدىغۇچى مۇستەھكەم قورغاندۇر.

△ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»

II - III - باپلار

«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1984 - يىل 2 - ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:

II - باپ: ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى؛

1) بەدىئىي ئوبراز— ئوبراز ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە.

2) بەدىئىي ئوبرازنىڭ خۇسۇسىيىتى.

3) ئادەم بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى.

4) بەدىئىي تىپ — تىپ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە.

5) تىپىك شارائىت ۋە تىپىك پېرسوناژ.

6) تىپىكلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى.

7) بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى تەپەككۇر جەريانى— ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانلىرى.

8) ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى.

9) ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى.

10) ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولى.

III - باپ: ئەدەبىيات ۋە تىل

مۇھىم مەزمۇنى:

1) ئەدەبىيات تىل سەنئىتى— ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى تىل.

2) تىل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى.

3) ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى.

4) ئاپتور تىلى ۋە پېرسوناژ تىلى.

5) ئاپتور تىلى

6) پېرسوناژ تىلى

7) تىلنى ئۆگىنىش ۋە بېيىتىش

8) تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى.

# تۇرسۇن قۇربان

## A

△ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى

«شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى»، 1984 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور شۇ نامدىكى ئالىي مەكتەپ دەرسلىك قوللانمىسىنىڭ 7 - 8 - ۋە 9 - بابىنى يېزىپ چىققان. بۇ 3 بابتا ماركسچە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ئىلمىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرى — ئىجادىيەت ئۇسۇلى، دۇنيا قاراش ۋە يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن دۇنيا قاراشنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرى، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىككى ئاساسىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولغان رېئالىزم ۋە رومانتىزم ھەم باشقا ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ھەققىدە؛ ئۇسلۇب (دەۋر ئۇسلۇبى، مىللىي ئۇسلۇب، يازغۇچىنىڭ خاس ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئېقىم ھەققىدە؛ ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئىلمىي چۈشەنچىلەر بېرىلىدۇ. بۇ ئىلمىي چۈشەنچىلەر نەزەرىيە سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مول نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلىش ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مونەۋۋەر ئەسەرلىرىنى مىسالغا ئېلىپ تەھلىل قىلىش يولى بىلەن يورۇتىلىدۇ. ئاپتور ئۆزى يازغان بۇ بابلاردا ماركسچە ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتىنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە تەتبىق قىلىشقا، بۇ ئارقىلىق ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يول ئېچىشقا ئىزدەنگەن. شۇڭا، بۇ بابلار بەلگىلىك دەرىجىدە دەرسلىك دەستۇرلۇق قىممىتىگە، ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ۋە ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

ئاپتور تۈزۈپ يازغان 3 بابنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق:

### يەتتىنچى باپ. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى

1 - §. دۇنيا قاراش ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى

2 - §. رېئالىزم

3 - §. رومانتىزم

4 - §. سوتسىيالىستىك رېئالىزم

5 - §. ئىنقىلاۋى رېئالىزم بىلەن ئىنقىلاۋى رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش

## سەككىزىنچى باپ. ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىي ئېقىم

1 - §. ئەدەبىي ئۇسلۇب

2 - §. ئەدەبىي ئېقىم

## توققۇزىنچى باپ ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى

1 - §. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى

2 - §. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىللار

3 - §. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان ئاساسىي شەرتلەر

△ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ماركسچە ئەدەبىي تەنقىت

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتورنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسى، ئۇنىڭ بىر قانچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ماركسچە ئەدەبىي تەنقىتنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات بىلەن (بولۇپمۇ ئىجادىيەت بىلەن) بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇلغان، كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، ماقالىدا: بىرىنچى؛ ماركسچە ئەدەبىي تەنقىتنىڭ ئىلمىي - نەزەرىيىۋى، تارىخىي ۋە ئەمەلىي ئاساسلىرى، ماركسچە ئەدەبىي تەنقىتنىڭ ئەدەبىيات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ھەققىدە؛ ئىككىنچىدىن، ماركسچە ئەدەبىي تەنقىتنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى، ئۆلچەملىرى ۋە ئۇلارنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەققىدە؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىتچىلىكىنىڭ ئىلمىي - نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى، تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە؛ تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ماركسچە ئەدەبىي تەنقىتنىڭ پېشۋالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەدەبىي تەنقىتنى چوڭقۇر، كەڭ قانات يايدۇرۇش ۋە بۇ جەھەتتىكى كونكرېتنى ۋەزىپىلەر، تەلەپلەر ھەققىدە خېلى مۇپەسسەل سۆزلىنىدۇ. شۇنداقلا ئاپتورنىڭ يۇقۇرقى مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىلمىي قاراشلىرى ئىجادىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

△ بالىلار تەربىيىسى ۋە بالىلار ئەدەبىياتى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1983 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسىدا بالىلار ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر بەزى

مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن. ماقالە، بالىلار تەربىيىسىنىڭ جىددىيلىكى ۋە زۆرۈرلىكىنى، بالىلار ئەدەبىياتى بالىلارغا قارىتىلغان ئۈزلۈكسىز تەربىيە ۋاستىسى ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇپ چىڭ تۇتۇپ راۋاجلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا؛ ئاپتور ئۇ ماقالىسىدا: بىرىنچىدىن؛ بالىلار تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى، جىددىيلىكى، بۇ مەسىلىگە ئىلگىرىكى ئەۋداتلار كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ھازىرمۇ بۇ جىددىي مەسىلە ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەيدۇ ۋە بەزى مۇھىم كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىككىنچىدىن؛ بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ زۆرۈرلىكى، رولى، ئەھمىيىتى ھەققىدە بەزى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق جاۋاپ بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن؛ بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر قەدەر ئېنىق چۈشەندۈرىدۇ. تۆرتىنچىدىن؛ ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ناھراتلىق ھالىتى ھەققىدە توختىلىپ، كۈچلۈك زامانىۋى، باي ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ،

△ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راسا تۈزەپ، ھەممە گۈللەرنى تەكشى ئېچىلدۇرايلى★

«شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1978 ـ يىل 3 ـ سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راسا تۈزەپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە قارىتىلغان سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەممە گۈللەرنىڭ تەكشى ئېچىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئاپتور بۇ ماقالىدا «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەسبەستە سايراش» سىياسىتىنىڭ توغرا ۋە ئىلمىي ئىكەنلىكىنى، بۇ سىياسەتنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگەندە، ئاندىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ «قوش» يۆنىلىشنى قۇرال قىلىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى تۈزەپ، ھەممە گۈللەرنىڭ تەكشى ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

△ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ماتارىپ ئىدىيىسى توغرىسىدا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى» توپلىمى 1985 ـ يىل نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئىلمىي ماقالىدا يۇسۇپخاس ھاجىپنىڭ ئىلغار پېداگوگىكىلىق قاراشلىرى ۋە بۇ

★ بۇ ماقالە يولداش ئابدۇكېرىم راخمان بىلەن ھەمكارلىقتا يېزىلغان.

قاراشلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا قانداق ئەكس ئەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئاپتور، داستاندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىلغار مائارىپ ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى، ماھىيىتى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ. شۇنداقلا ماقالىدا داستاندا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىلغار مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەھمىيىتى، كىلاسسىك ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا تۇتقان ئورنى، ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى سۆزلىنىدۇ.

## B

△ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىجادىيەت جەريانى

«شىنجاڭ گېزىتى» 1983 - يىل 10 - ئاي 29 - كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور ماقالىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى — ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختالغان. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىككى مەسىلە — قايسى تۇرمۇشنى (قايسى تېمىنى) يېزىش بىلەن تاللىۋالغان تۇرمۇش ھادىسىسىنى (تېمىنى) قانداق يېزىشنى خېلى چوڭقۇر تەھلىل قىلغان. ئاپتورنىڭ تەھلىل قاراشلىرى يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگەك جەريانى بىلەن ئۇنىڭ «چىنىقىش»، «مۇئەللىمنىڭ خېتى» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئانالىز قىلىش جەريانىدا يورۇتىلىدۇ.

△ دېڭىز قىزى ھەيكىلى ۋە ئاندېرسون خەلقارا مۇكاپاتى

«شىنجاڭ گېزىتى» 1982 - يىل 6 - ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋاسى خانىس. ئاندېرسوننىڭ «دېڭىز قىزى» ناملىق ئەسىرى ۋە بۇ ئەسەر شەرىپىگە ئورنىتىلغان ھەيكەل، شۇنداقلا ئاندېرسون نامىدىكى خەلقارا بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

△ ئەڭ دەسلەپكى بالىلار يازغۇچىسى كىم

«شىنجاڭ گېزىتى» 1983 - يىل 6 - ئاي 11 - كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور ئىجادىي ئىزدىنىش ئارقىلىق ئانا — تۇنجى بالىلار يازغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. ماقالىدا مانا مۇشۇ پىكىر يورۇتۇلۇپ بېرىلىدۇ.

△ ئىناقلىق — ئائىلىدىكى خۇشاللىقنىڭ تۈپ كاپالىتى
— رەڭلىك ھېكايە فىلىم — «ئائىلىدىكى خۇشاللىق» نى كۆرگەندىن كېيىن
«تىيانشان ئېكرانى» 1982 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:
سەندۇڭ دېھقانلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى يېڭىلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىنو فىلىم — «ئائىلىدىكى خۇشاللىق» دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەسىر كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر فىلىم. فىلىم «ئىجىل - ئىناقلىق — ئائىلىدىكى خۇشاللىقنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئائىلىۋى تۇرمۇش — ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلىشى لازىم» دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئاپتور شۇ ناملىق ماقالىسىدا مۇشۇ كىنونى مەدھىيىلەيدۇ، كىنونىڭ تېمىسىنى، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىسىنى ۋە كىنونىڭ بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

△ «رەنانىڭ تويى» نى كۆرگەندىن كېيىن
«تىيانشان ئېكرانى» 1983 - يىل 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا: 80 - يىللاردىكى ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ياخشى فىلىم — «رەنانىڭ تويى» قىزغىن مەدھىيىلىنىدۇ ۋە فىلىمنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن يېتەرسىزلىكلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

△ پارتىيە شەنىگە ياڭرىغان «كۈرەش ناخشىلىرى»، پارتىيە نۇرىدا ئېچىلغان «باھار غۇنچىلىرى»
«شىنجاڭ داشۆ گېزىتى» 1979 - يىل 7 - ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ماقالىدا شائىر سۇلتان ماخمۇتنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «كۈرەش ناخشىلىرى» بىلەن شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «باھار غۇنچىلىرى» توغرىسىدا تەھلىل قىلىنىدۇ. باھا ۋە ئۈمىت ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

△ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېقىلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ «يۇمۇرلۇق ھېكايىلىرى»
بېيجىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1983 - يىل 8 - ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى تونۇشتۇرۇلغان ئەسەر. ئەسەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئې-

قىلدارلىرى (دانىشمەنلىرى) دىن ئەسىرىدىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللا زەيدىن، ئىس-
كەندەر ھەققۇلى ۋە ھېسام قۇربانلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يۇمۇرلۇق
ھېكايىلىرى (لەتىپىلىرى) توپلۇشتۇرۇلىدۇ.

△ باللار ئەدەبىياتىغا كۆڭۈل بۆلەيلى

«شىنجاڭ گېزىتى» 1984 - يىل 7 - ئاي 9 - كۈنى

△ مەملىكىتىمىز باللىرىنىڭ سۆيۈملۈك يازغۇچىسى — چېن بېچۈي

«شىنجاڭ گېزىتى» 1984 - يىل 9 - ئاي

△ ئائىلە مەسىلىسى ۋە باللار تەربىيىسى

«شىنجاڭ گېزىتى» 1985 - يىل 1 - ئاي - كۈنى

△ ماھىيەتنى چىڭ تۇتۇپ ئاساسى تېمىنى يورۇتىش

«تىيانشان ئېكرانى» ژورنىلى 1984 - يىل 12 - سان

△ فوتو سۈرەتتىكى مىللى ئالاھىدىلىك توغرىسىدا

«رەسىملىك ژورنال خەۋىرى» 1484 - يىل 12 - ئايلىق سانى

## C

ئۆتمۈشنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق كېرەك (ئائىلە تارىخى)

«شىنجاڭ گېزىتى» 1964 - يىل 9 - ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ 10 نەچچە مىڭ خەتلىك ئائىلە تارىخى بولۇپ، بۇ ئەسەر «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە ۋە موڭغۇلچە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن «شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى» نەشر قىلغان «تىيانشاننىڭ قانلىق يېشى» ۋە «ئۆتمۈشكە لەنەت» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «قىزلىنىڭ يېڭى ھاياتى» (بېيجىڭ «مىللەتلەر نەشرىياتى») دىن ئىبارەت 3 كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئائىلە تارىخىدا تۇرپان شەھرى يار يېزىسىدىكى كەمبەغەل دېخان ئايۇپ مەگلىكنىڭ ئۆتمۈشىدىكى ئېچىنىشلىق ھاياتى بىلەن ئازاتلىقتىن كېيىنكى بەختلىك ھاياتى خېلى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر ياش ئۆسمۈرلەرگە ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

△ گۈلچەمبەرەك (ھېكايە)

«شىنجاڭ ئىشچىلىرى گېزىتى» 1984- يىل 11- ئاي 14- كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

ھېكايىدا ئالىم ۋە ئۇنىڭ 11 ياشلىق ئوغلى ئەنۋەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق شىنجاڭ ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى قىزغىن ئەسلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بالىلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك ئېسىل خىسلىتى مەدھىيىلىنىدۇ.

△ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەجرى

«شىنجاڭ گېزىتى» 1984- يىل 11- ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئوچېركتا دوتسېنت ساۋۇت موللاخۇنىڭ تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ماتارىپىنى ۋە خىمىيە تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەمگەك ئەجرى مەدھىيىلىنىدۇ.

△ سەييارە قىز قوشىقى

(بالىلار شېئىرلىرى توپلىمى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1984- يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ توپلامغا ھەر خىل تېمىدىكى 32 شېئىر (85 مىڭ 400 خەت) كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شېئىرلار 5 ياشلىقتىن 15 ياشلىققىچە بولغان بالىلارغا قارىتىلغان. ئاپتور بۇ شېئىرلارنى پارتىيىنىڭ ماتارىپ يۆنىلىشىگە، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ماتارىپ مەزمۇنىغا، ۋەزىپىسىگە ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشقان، شۇنداقلا شېئىرلاردا بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن.

توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ تېمىسى ئاكتىۋال، خاھىشى ساغلام، تەربىيىۋىچانلىقى خېلى كۈچلۈك، بەدىئىلىكى بالىلار شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئۆلچىمىگە يېقىنلاشقان بولۇپ، بالىلارغا ئىدىيە ۋە ئېستېتىك تەسىر بېرەلەيدۇ.

شېئىرلاردا بالىلارنىڭ ۋەتەنگە، ئەل ـ يۇرتقا، كومپارتىيىگە، تەبىئەتكە، تۇرمۇشقا، ئوقۇش ـ ئەمگەككە، بىلىمگە ۋە ئوقۇتقۇچى ـ باغۋەنلەرگە بولغان قىزغىن ھېسسىياتى شېئىرىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

× × ×

ئاپتور 20 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا ھەر خىل تېمىدا يېزىلغان شېئىرلاردىن 350 كە يېقىنىنى ئېلان قىلغان. بۇ شېئىرلار پارتىيە، ۋەتەن، ئەل-يۇرت تېمىلىرىدا، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، مۇلازىمەت، دۆلەت مۇداپىئە، پەن-مائارىپ، بالىلار تەربىيىسى تېمىلىرىدا بولۇپ خاھىش جەھەتتە ساغلام، سەنئەت جەھەتتە يامان ئەمەس، مەلۇم دەرىجىدە تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك. بۇ شېئىرلار ئىچىدە لىرىك شېئىرلارمۇ، ئېپىك شېئىرلارمۇ، سىياسىي شېئىرلارمۇ، تۇرمۇش شېئىرلىرىمۇ، رېئالىستىك شېئىرلارمۇ، رومانتىك شېئىرلارمۇ، چوڭلار شېئىرلىرىمۇ، بالىلار شېئىرلىرىمۇ بار. شېئىرلاردىن ئاپتورنىڭ باي، ساغلام روھى دۇنياسىنى، گۈزەل غايىسىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ شېئىرلار «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىشچىلار گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىقى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى»، «تارىم»، «ئاممىۋى مەدەنىيەت»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «ياچېيكا تۇرمۇشى»، «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ رەسىملىك ژورنىلى» قاتارلىق ئاشكارا گېزىت-ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان. 7 — 8 پارچە شېئىر خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان. 2 پارچە شېئىر ئەسەر مۇكاپاتلانغان.

## شەرىپىدىن ئۆمەر

# A

△ ۋ. ۋ. ماياكوۋىسكىينىڭ «لېنىن» پوئېمىسى ھەققىدە

«شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» ژورنىلى 1955- يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئاپتورنىڭ تۇنجى ئىلمىي - نەزەرىيىۋى ماقالىسى. 15 مىڭ خەتلىك بۇ ماقالىدا ئالدى بىلەن پرولېتارىياتنىڭ جەڭگىۋار شائىرى ۋىلادىمىر ۋىلادىمىروۋىچ ماياكوۋىسكىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا باھا بېرىلگەن. ئاندىن ماياكوۋىسكىينىڭ مەشھۇر پوئېمىسى «لېنىن» نىڭ ئىدىيىۋى - تارىخىي مەزمۇنى، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى تەھلىل قىلىنغان. بولۇپمۇ ماياكوۋىسكىينىڭ ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىننىڭ داھىيانە سۈپەتلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازىنى يارىتىشتىكى چەۋەرلىكى مەدھىيىلەنگەن. ئاپتورنىڭ بۇ ئىلمىي ماقالىسى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن سوۋېت قازاغىستانلىق ئەدەبىياتشۇناس جاردەم تىلەكوۋنىڭ ماختىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئىگە بولغان.

△ ئەدەبىياتتىكى تىپىكلىك مەسىلىسى

«شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» ژورنىلى 1955- يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

يېقىندىن بېرى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن تىپ ۋە تىپىكلىك مەسىلىسى يالغۇز نەزەرىيىۋى مەسىلە بولۇپلا قالماي، يەنە بىر ئەمەلىي مەسىلە ئىدى. ئاپتورنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسى دەل مۇشۇ ئەمەلىي مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ يېزىلغان.

ئاپتور ماقالىسىدا ئەدەبىياتتىكى تىپ ۋە تىپىكلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى خېلى چوڭقۇر، خېلى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ مەسىلىنى قانداق تونۇش ۋە قانداق ھەل قىلىش ھەققىدىمۇ ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماقالىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئىلمىي قىممىتى خېلى يۇقىرى. بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ياخشى باھاغا ئىگە بولغان.

△ بىر ئەڭگۈشتەر

«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1977 - يىل 11 - سان

△ ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا

«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1978 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتورنىڭ بۇ ئىككى پارچە ماقالىسىدا لىن بياۋ ۋە جياڭ چىڭ گۇرۇھىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت دىكتاتۇرىسى پاش قىلىنغان، تەنقىد قىلىنغان. شۇنداقلا ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۆز تەرەققىياتى، يولى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە يۈكسەلدۈرۈش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

△ قارا لۇشيەن دىكتاتۇرا نەزەرىيىسىنى ئۆزۈل - كېسىل يوقىتايلى

«كىتاپلارغا باھا» 1978 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

15 مىڭ خەتلىك بۇ ماقالىدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە يۈرگۈزگەن زورلۇق - زومبۇلۇقى، ئوتتۇرىغا قويغان قارا نەزەرىيىسى ئەمەلىي پاكىت ۋە ئىلمىي دەلىللەر ئارقىلىق چوڭقۇر پاش قىلىنغان ۋە قاتتىق تەنقىدى تەھلىل قىلىنغان.

△ موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1979 - يىل 8 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ 10 مىڭ خەتلىك ئىلمىي تونۇشتۇرۇش ماقالىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئاخىرقى نامايەندە — ئىلىملىق تالانتلىق شائىر موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە مۇھىم ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان. شۇنداقلا شائىرغا مۇۋاپىق باھا بېرىلگەن ۋە سولچىل لۇشيەننىڭ موللا بىلالغا چاپلىغان بۆھتانلىرى تەنقىدى تەھلىل بىلەن رەت قىلىنغان.

△ تاجىدىن قادىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى

«كىتاپلارغا باھا» 1979 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ 50 - يىللاردىكى شائىرلىرىدىن بىرى

مەرھۇم تاجىددىن قادىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. بەزى مۇھىم شېئىرلىرى تەھلىل قىلىنىدۇ.

△ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمى ئەپسانە - رىۋايەتلىرى توغرىسىدا

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1980 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىنىڭ ئەھرىمانلىق دەۋرىدە ناھايىتى گۈزەل ئەپسانە — رىۋايەتلەرنى ياراتقان، بۇ ئەپسانە رىۋايەتلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىش ۋە تارىخچىلار تەرىپىدىن خاتىرىلىنىش ئارقىلىق زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن. بۇ يادىكارلىقلاردا قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇش، جەمئىيەتنى تۈزەش يولىدىكى كۈرەش — ئەمگەكلىرى غايىۋى ھالدا ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەسەرلەردە گۈزەل رومانتىك خىيال گەۋدىلەنگەن. ئاپتور ۋە مىڭ خەتلىك بۇ ماقالىسىدا ئەنە شۇ ئەدەبىي يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىلمىي باھا بېرىدۇ.

△ «ئۇيغۇرشۇناسلىق توغرىسىدا»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتورنىڭ ماقالىسى 15 مىڭ خەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، ھازىرقى ئەھۋالى، جۇڭگو ۋە چەتئەل ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ تۆھپىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنى تەرەققى قىلدۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە بەزى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

△ ئورخۇن دۆلىتىنىڭ بەدىئى ئوبرازى

«ئىلى دەرياسى» 82 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

قەدىمقى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىن «بوكوخان» ۋە «كۆچ» لەردە ئۇيغۇرلارنىڭ 2 - دۆلىتى ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بەدىئى ئوبرازى يارىتىلغان. ئاپتور مۇشۇ ئىككى گۈزەل رىۋايەتنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققى قىلىش ۋە ھالاك بولۇش تارىخىنى ئىخچام بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئىلى 12 مۇقامىنىڭ تارىخى ھەققىدە

«ئىلى دەرياسى» 1983- يىل 1- سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بىپايان ئىلى ۋادىسى — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى يۇرتلىرىدىن بىرى. بۇ يەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ روشەن مىللىي خاراكتېرگە ئىگە پارلاق مەدەنىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەرباپلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئىلى 12 مۇقامى ئومۇمىي ئۇيغۇر 12 مۇقامى پۈرىنىغا ئىگە بولۇشتىن باشقىرى يەنە ئىلىغا خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىلى 12 مۇقامىنى شەكىللەندۇرۇشتە بىر قىسىم مۇزىكا ئەرباپلىرىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى بار. 10 نەچچە مىڭ خەتلىك بۇ ئىلمىي ماقالىدا ئۇيغۇر — ئىلى مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى، تارىخىي تەرەققىياتى، ئۆزگىچىلىكلىرى بايان قىلىنىدۇ ۋە بىر قىسىم ئىلى مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنىڭ ئەمگىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

△ ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984- يىل

△ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ
«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984- يىل 11- ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئىككى پارچە ماقالە 11- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ زور يىرىك نامايەندىسى — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۆلىتىمىزدە نەشر قىلىنىپ ئاشكارا تارقىتىلغانلىقىغا بېغىشلانغان. ماقالىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشى، داستاندا ئىلگىرى سۈرگەن ھاكىمىيەت، قانۇن قاراشلىرى ۋە داستاننىڭ بەدىئىي ئىقتىدارى تەھلىل قىلىنىدۇ،

△ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئۈچېركلار
«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» نەشرى 1982- يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاپ 15 باپلىق بولۇپ، 270 مىڭ خەت كېلىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ كىتاۋى ھەم ئوقۇتۇش قوللانمىسى، ھەم تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى.

بۇ كىتاپ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم رەسمىي نەشر قىلىنغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەب-

بىيات تارىخى ئىزلانمىسى بولۇپ، ئۇ، مەزكۇر ئەدەبىياتشۇناسنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى.

ئاپتورنىڭ 3 قىسىملىق كىتاۋىنىڭ بۇ بىرىنچى قىسمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئەدەبىياتىدىن تارتىپ 11- ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق مۇساپىسى بايان قىلىنىدۇ. كىتابتا تارىخ، ئەدەبىي ھادىسە ۋە ئىجادىيەت، مۇھىم يازغۇچىلار، زىرىك ئەسەرلەر ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق توختىلىنىدۇ ۋە بىلىم بېرىلىدۇ.

ئاپتورنىڭ بۇ زىرىك ئەسىرى ھازىر شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتلىرىدا دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىنماقتا.

△ «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي مېتودى توغرىسىدا

«قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» 1985- يىل نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئاپتورنىڭ يەنە بىر زىرىك ئىلمىي ئەمگىكى. تەخمىنەن 120000 خەتلىك بۇ كىتاپ ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ۋە ئۇنىڭ زىرىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك» كە بېغىشلانغان. بۇ كىتابتا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى، ئىلمىي قىممىتى، مەزمۇنلىرى ۋە بەدىئىي مېتودى خېلى مۇپەسسەل بايان قىلىنىدۇ. بۇ كىتاپ خېلى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ۋە ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

B

△ كاككۇك يەنە سايرىدى

«شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى» 1983- يىل نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ يېزا ئىگىلىك تېمىسىدىكى پوۋېست. بۇ پوۋېستتا چوڭ ئەترەت باشلىقى تۇرسۇن، ياچېيكا سېكرېتارى مەھەممەتلەرنىڭ ئىجابىي ئوبرازى يارىتىلىدۇ. ئۇلارغا قارشى ھالدا ھەر-كەتلىنىدىغان سەلبىي شەخس — سېكرېتار ناسىرنىڭ ئوبرازىمۇ يارىتىلىدۇ. يازغۇچى بۇ ئوبرازلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يازغۇچى ئۆتكۈر توقۇنۇشلار تەسۋىرى ئارقىلىق يېزىلاردىكى سوتسىيالىزىم ئىدىيەسى بىلەن كاپىتالىزىم ئىدىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشلەرنى ئىپادىلەپ، سوتسىيالىزىمنىڭ غەلىبىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ.

بۇ پروۋېست تارقىتىلغاندىن كېيىن نىز بازار تاپتى ۋە كىتاپخانلار، ئوبزورچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

△ تۆمۈر ئادەم (ئوچېرك)

«شىنجاڭ گېزىتى» 1964-يىل 7-ئاي

△ مالچىنىڭ قەلبى (نەسر)

«شىنجاڭ گېزىتى» 1978-يىل 2-ئاي

△ پاسىسىق سۆڭەكتىن چىققان ئەرۋاھلار (زاۋىن)

«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1978-يىل 2-سان

△ سوغا

«تۆھپە» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1978-يىل نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن).

△ ئۇچرىشىش

«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1979-يىل 10-ئاي

مۇھىم مەزمۇنى:

يۇقۇرىدا سانالغان ھېكايە، نەسر، ئوچېرك، زاۋىنلار ئاپتورنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلىرى. بۇ ئەسەرلەردە لەنىتى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پاش قىلىنىپ غەزەپ بىلەن تەنقىت قىلىنغان. يېڭى دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ روھى قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كومپارتىيە، سوتسىيالىزىم، خەلقلەر دوستلىقى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. بەزى ئەسەرلەر ئوتتۇرا مەكتەپلەر تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

## غەيرەتجان ئوسمان

△ ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ تارىختىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە رولى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1983-يىل 2-سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقىنى ئەر-ئاياللار ئورتاق ياراتقان. ئاياللار ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىدا مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئوينىغان رولى ئوخشاش بولمىدى.

ئۇيغۇر ئاياللىرى مىلادىيىدىن ناھايىتى بۇرۇنلا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەمگەك پائالىيەتلىرىدە ئىجاتكار ۋە باشلامچى بولغان، ئۇ تارىختا ئىلغار رول ئوينىغان. دۇنياغا مەشھۇر مەدەنىيەت ئىزلىرىنى، يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدىن كۆپلىگەن دۆلەت ئەرباپلىرى، سىياسىئونلار، سەركەردىلەر، ئالىملار، شائىر، يازغۇچى، سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىققان. تۇمارىس، بىلگە قاتۇن، بازغان، ئەلانۇر خېنىم، ئاسىغ تۇتۇڭ، جىۋا ئاقارى، ئامانىسا خېنىم، چىن مودەن، جەنىگاخا، رىزۋانگۈللەر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پەخىرلىك نامايەندىلىرى.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىجابىي تۆھپىلەر يارىتىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ناھايىتى ئېغىر دىنىي ۋە ئەرلىك بېسىمى ئاستىدا بۇرۇختۇرما بولۇپ ياشىدى. شۇڭا ئۇيغۇر ئاياللىرى كۆپ قېتىملىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قوزغىلاڭلار ئېلىپ بېرىپ، مۇستەبىتلىككە قارشى ئاتلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچتۇرپاندا قوزغالغان خەلق قوزغىلىڭىدىكى «يەتتە قىزلىرىم» ئۇيغۇر باتۇر قىزلىرىنىڭ ئۈلگىسى ئىدى.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەل باھارى پەقەت سوتسىيالىزم دەۋرىدىلا تېخىمۇ يېقىملىق، تۈس ئالماقتا.

ماقالىدا يۇقىرىقى مەزمۇنلار خېلى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان. ماقالا خېلى ئوبدان ماتېرىيال قىممىتىگە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

△ «ئوغۇزنامە» توغرىسىدا مۇلاھىزە

— «ئوغۇزنامە» دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىجتىمائىي ئېتىقادىغا نەزەر

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985-يىل 1-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

دىن-ئىجتىمائىي ئېتىقادنىڭ تەركىبىي قىسمى. كىشىلىك دۇنياسىدا دىنغا ئېتىقات قىلمىغان بىرەرمۇ مىللەت يوق. ئەدەبىيات بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن ئالاھىدە بىر خىل مۇناسىۋەت بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە دىن بىلەن ئەدەبىيات بىر گەۋدە بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى دىن، ئوبرازلار تەڭرى، شەكلى ئەدەبىيات ئىدى. «ئوغۇزنامە» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئىزلىرى خېلىلا چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن، ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسىدا «ئوغۇزنامە»دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىجتىمائىي ئىقتىسادى، مەسىلەن؛ توتېم ئېتىقادى، ئەجداتلارغا چوقۇنۇش، تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەھۋاللىرى ۋە داستاندا ئىپادىلەنگەن شامانىزىم دىنى قاراشلىرى ۋە بۇ دىنغا بولغان ئېتىقادى ھەم ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىۋى قاراشلىرى تونۇشتۇرۇلغان ۋە خېلى ئەتراپلىق ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان.

△ ئېپوس ۋە «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

شىنجاڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1985-يىل تۇنجى سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ئېپوسلار-ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى ئەڭ نادىر ئەدەبىي ژانىرى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئانىلىق دەۋردە بىخلىنىشقا باشلاپ، ئانىلىق ئۇرۇقداش، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق، قەبىلىلەر بىرلەشمىسى، قۇللۇق جەمئىيەت، ھەتتا فېئوداللىق جەمئىيەتلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، شۇ جەمئىيەتلەرنىڭ روھىي قىياپەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، تاكامۇللاشقان ئەدەبىي ژانىر. شۇڭا ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي ناخشا-قوشاقلار، ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەر، قىسقا داستانلار، قىسسىلەر ھەمدە رېئالىستىك ئەسەرلەرنىڭ ئېلېمېنتلىرى ساقلانغان بولىدۇ.

ئېپوسلار قەھرىمان شەخسلەر مەدھىيىلىنىدىغان يىرىك ژانىردۇر.

ئېپوسلاردا ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقات قويۇق ئەكس ئېتىدۇ، چۈنكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىسى دىنىي يوپۇق ئاستىدا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىياتقا بولغان يوپۇقلۇق تەسىرىمۇ بەك كۈچلۈك بولىدۇ.

«ئوغۇزنامە» مانا شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە يىرىك ئەدەبىي نامايەندە. ئۇنىڭ

تېمىسى ناھايىتى كەڭ، ئوبرازلىرى گۈزەل، مەزمۇنى ئىلغار. ئومۇمەن پۈتكۈل باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭدا ھەم رېئاللىق، ھەم غايىۋى مەزمۇن، ھەم ئېپىكلىق، ھەم لىرىكىلىق ئامىللار بار.

«ئوغۇزنامە» گە قاتناشقان پېرسوناژلار بەكمۇ كۆپ بولۇپ، بۇ قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ئوبرازلىرىدۇر.

قۇرۇلما جەھەتتە، «ئوغۇزنامە» نىڭ قۇرۇلمىسى خېلىلا مۇرەككەپ. ئۇنىڭدا غايە ۋە رېئاللىق ئامىللار، ئەپسانە، رىۋايەت، قەدىمقى داستانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بار.

تىل جەھەتتە «ئوغۇزنامە» نىڭ تىلى ئۆزىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى قەدىمقى نەسىر ۋە نەزم سۆزلىرىنى توپلىغان. ئۇنىڭدىن ناھايىتى قەدىمقى سۆز ئىبارىلىرى ۋە كېيىنكى سۆز قۇرۇلمىلىرىنى تېپىش مۇمكىن.

△ «قۇتادغۇ بىلىك» دىكى بەزى بىر ئادەم ئىسىملىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە

«ئاممىۋى مەدەنىيەت ژورنىلى» 1984 - يىل، 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» دە ئاساسلىق قىلىپ تۆت پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقان. ئاپتور بۇ ماقالىدا مۇشۇ 4 پېرسوناژغا قويۇلغان ئىسىملار ھەققىدە ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ.

داستاندا كۈن تۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت 4 قەھرىماننىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ھەر بىر قەھرىمانغا قويۇلغان ئىسىمدىمۇ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىلەر بار. ئاپتور ماقالىسىدا 4 قەھرىمانغا بېرىلگەن 4 ئىسىمنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدۇ ۋە ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئاساسىي پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى شەرھىلەپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئاپتور ماقالىسىدا مۇسۇلمان خاندانلىقىنىڭ سۇلتانىغا، بۇنداق ئەسەرنىڭ قەھرىمانلىرىغا (پېرسوناژلىرىغا) ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇلغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ھەققىدە خېلى قىممەتكە ئىگە چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

△ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» نى ئوقۇپ ........

«شىنجاڭ گېزىتى» 1983 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئاپتورنىڭ دوتسېنت شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» (1 - قىسىم) ناملىق كىتابىنى ئوقۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەسىراتىنى بايان قىلغان ئوبزور ماقالىسى.

ماقالىدا «ئوچېركلار» نىڭ ئەھمىيىتى، رولى ۋە بەزى ئالاھىدىلىكلىرى قىسقىچە سۆزلەنگەن.

△ «موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە» نى ئوقۇپ

«شىنجاڭ گېزىتى» 1982 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

«موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە» يازغۇچى خېۋىر تۆمۈرنىڭ تارىخىي تېمىدىكى پوۋېستى. موللازەيدىن 19 - ئەسىردە تۇرپاندا ئۆتكەن ئاتاقلىق قىزىقچى ۋە لەتىپىچى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەسۇر ئىسيانكارى سۈپىتىدە مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يەرلىك قول چوماقلىرى بولغان ۋاڭ، بەگ، مىراپ، قازىلارنى مەسخىرە قىلىدۇ. يازغۇچى بۇ قىسسىدە موللازەيدىننىڭ خەلقپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، ئەمگەك سۆيەرلىك خىسلەتلىرىنى گەۋدىلىك ئورۇندا قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ.

"«موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە» نى ئوقۇپ" دېگەن بۇ ئوبزور ماقالىسىدا، ئاپتورنىڭ قىسسىنى ئوقۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرى بايان قىلىنىدۇ ۋە قىسسىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

△ ياخشى يېزىلغان شېئىرلار

«كىتابلارغا باھا»، 1981 - يىلى 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ياش شائىر قۇربان باراتنىڭ «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق چوڭ ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر قاتار شېئىرلىرى («شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىل 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان.

ئاپتور بۇ ماقالىسىدا خېلى ئىزدىنىش ئارقىلىق، ياش شائىر قۇربان باراتنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا لىن بياۋ ۋە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈم سۈرگەن ئاپەتلىك يىللار — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى، خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى - ئاپەتلەرنى رىيالىستىك ئاساستا، تەسىرلىك، ئوبرازلىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى، شېئىرلاردا كۆپلىگەن روشەن، بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىلىپ، تېپىك ۋەقەلەرنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەنلىكىنى، شېئىرلارنىڭ تالانتلىق بىلەن يېزىلغانلىقىنى، بىر بۆسۈش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

△ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى تاتاتۇڭا

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى، 1984-يىل 12-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

تاتاتۇڭا — قەدىمقى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئالىجاناپ خىسلەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان مەشھۇر جامائەت ئەربابى، مەدەنىيەت ئەربابى، تىلشۇناس، پىداگوگ، سىياسىيون. نايمان خانى تاياڭ خاقان ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، ئالتۇن مۆھۈرى ۋە مالىيە ئاشلىق قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەن ۋە ئۆزىگە ئالى ئۇستاز قىلغان. چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، تاغىنى ئېلىپ كېتىپ قالغان. تاتاتۇڭانىڭ ساداقەتمەن، ۋاپادار روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئوردىدا ئورۇپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ ھەم ئۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالتۇن تامغىسىنى تۇتىدىغان مۆھۈردار، موڭغۇل شاھزادە، بەگزادىلىرىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تەربىيىلەيدىغان ئۇستاز بولىدۇ. تاتاتۇڭا چىڭگىزخاننىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىپ، موڭغۇل يېزىقىنى ئىجات قىلىپ، يېزىقسىز موڭغۇل قەبىلىلىرىنى يېزىقلىق، مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلاندۇرۇشتا كارامەت ئۇلۇغ تۆھپە يارىتىدۇ. دۇنياغا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شۆھرىتىنى يېيىشتا مۆلچەرلىگۈسىز ھەسسە قوشىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى بىلەن موڭغۇل خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا باشلامچى بولۇپ قالىدۇ. دۇنيادا موڭغۇلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

ماقالىدا يۇقىرىقى مەزمۇنلار خېلى ئىخچام بايان قىلىپ بېرىلگەن.

△ يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى سەيدۇللا

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى 1984-يىل 10-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا تارىخىي ھۆججەتلەردىن پاكىتلار كەلتۈرۈلۈپ سەيدۇللانىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىبى، جۈملىدىن شائىر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تىرىشچان، ئىجاتكار بولۇپ 800 دىن ئارتۇق گۈزەل شېئىرنى يازغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالا پايدىلىنىش ۋە ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

△ مەشھۇر شائىر نەي شەننىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى توغرىسىدا

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى 1985-يىل 3-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

نەيشەن — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق

قەبىلىسىدىن، ئۇ بوگوڭكى چۆچەكتە نۇغۇلۇپ، ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ، ئىچكىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئەمەلدارلىقنى تاشلاپ، يۇرت كېزىپ، خەلقنىڭ دەرت ئەھۋالىنى كۆرۈپ، تەسىرلىنىپ، ئەدىبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ چىرىكلىكىنى سۆكۈدىغان، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇڭ زارىنى ھەممە بىرلىسىدىغان كۆپلىگەن ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «دەريانىڭ شىمالىدىكى زىيارەتلەردىن كونا خاتىرىلەر» (240 كوپلېت نەزم) ۋە «ئالتۇن مۇنبەر توپلىمى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ئاپتور ماقالىسىدا يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئىشىنەرلىك قىلىپ بايان قىلغان.

△ يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر مازۇچاڭ

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 - يىل 13 - ئاۋغۇست

مۇھىم مەزمۇنى:

مازۇچاڭ بۈگۈنكى توخسۇنلۇق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقسۆڭەك قەبىلىسى ئۆڭگۈت قەبىلىسىدىن. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسى ھەربىي خىزمەت بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

مازۇچاڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە ئىدىيۋىلىكى يۇقىرى كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. تارىخىي خاتىرىلەرنى يېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ «شىتەن توپلىمى» ناملىق دىۋانى جەمئىي 15 جىلد بولۇپ، شېئىر ۋە ماقالىلاردىن جەملەنگەن.

يۈەن دەۋرىدىكى غەيرى خەنزۇ مىللەت ئاپتورلىرى ئىچىدە ماۋزۇچاڭنىڭ ئەسەرلىرى ئەڭ كۆپ، تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ ئىدى.

ئاپتور ماقالىسىدا ماۋزۇچاڭنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە خېلى ئېنىق مەلۇماتلارنى بەرگەن.

△ مەزلۇملار ئاھى

(ئاپتورى دىلبەر دورغا)

«بۇلاق» مەجمۇئەسى 1982 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

«مەزلۇملار ئاھى» - 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى دىلبەر دوغىنىڭ ساتىرىك شېئىرى بولۇپ، ئاپتور باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىغان.

بۇ شېئىر 21 كوبلېتتىن تەركىب تاپقان مۇخەممەس بولۇپ، ئۇنىڭدا 19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان

ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنتايىن پاجىئەلىك، نامرات، ئىلاجسىز تۇرمۇش شارائىتىدا ياشاۋاتقانلىقى خېلىلا چىنلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

△ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984-يىل 18-ئاپرېل

مۇھىم مەزمۇنى:

ئۇيغۇرلار قەدىمقى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل بەدىئى ئەدەبىياتىنى قىيا، مەرمەر ۋە قورام تاشلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى يازما ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق ئۈلگىسى. بۇلاردىن «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلار ئەڭ داڭلىقلىرى. كۆل تېگىن، تونيۇقۇق، بىلگە خاقان، يوللۇغ تېگىنلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى بىر ئەۋلات يازغۇچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى.

ماقالىدا مۇشۇ مەزمۇنلا ئىپادىلىنىدۇ.

△ قەدىمقى ئۇيغۇر شائىرى ئاپرىنچۇر تېگىن

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984-يىل 6-ئاپرېل

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپرىنچۇر تېگىن قەدىمقى ئۇيغۇر شائىرى بولۇپ، مانى دىنى مۇھىتىدا يېتىشكەن شائىر. ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە شېئىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىرى ئىشقى-مۇھەببەت مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، دۇنياۋى تېمىلىق ئەسەرلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئاپرىنچۇر تېگىن بىزگە ھازىرچە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا شېئىر يازغان ئەڭ قەدىمقى شائىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتور ماقالىسىدا ئەنە شۇ مەزمۇننى ئىپادىلەپ بەرگەن.

△ قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كوللېكتىۋىزىملىق روھ توغرىسىدا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1985-يىل 5-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

كوللېكتىۋىزىملىق روھ-ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا بارلىققا كەلگەن بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، ئۇ ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، ئىنسانلار ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان ئەخلاقىي ئۆلچەم بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى-

دا قەدىمدىن بىرى كوللېكتىۋىزىملىق روھ ئەكس ئېتىپ كەلدى. بولۇپمۇ بۇ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىدە يۇقىرى پەللىگە چىققان، ئەلشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى كوللېكتىپقا، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئىدى ۋە ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇشۇ روھنى مەدھىيىلىگەن ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن كوللېكتىۋىزىملىق كۆز قارىشى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان مەنىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىستىخىيىلىك ھالدا رىئايە قىلىنىدىغان پرىنسىپ بولغان بولسا، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدىكى پرىنسىپ ھېساپلىنىدۇ.

جەمئىيەتتىكى ھەر قانداق ئادەمنىڭ پائالىيەتلىرى كوللېكتىپ ئىشلىرىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا بىز بۇ روھنى مەڭگۈ ساقلىشىمىز لازىم.

ماقالىدا مۇشۇ نۇقتىلار خېلى مۇپەسسەل بايان قىلىنىدۇ.

## ھەسەن مامۇت

### A

△ «شېكسپىر ۋە گاملېت»

«شىنجاڭ گېزىتى» 1979-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ئۇلۇغ شائىر ۋە دىراماتۇرگ شېكسپىرنىڭ قىسقىچە ھايات پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاتاقلىق تراگېدىيىسى «گاملېت» نىڭ يېزىلىش جەريانى، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان.

△ «قىساس ۋە ھالاكەت»

«كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلى 1980-يىل 4-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا شېكسپىرنىڭ ئاتاقلىق تراگېدىيىسى «گاملېت» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئاساس قىلىنىپ، گاملېت ۋەكىللەنگەندىكى گۇمانىستلارنىڭ فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن جىددىي توقۇنۇشى، بۇ جەرياندا گۇمانىستلاردا ئىپادىلەنگەن ئاممىدىن ئايرىلىشتەك ئەجەللىك ئاجىزلىقلار، شۇ سەۋەبلىك گاملېت ئۆز رەقىبلىرىدىن قىساس ئېلىش ئاخىرىدا ھالاك بولغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى، يازغۇچىنىڭ بۇ ۋەقەلەرگە بولغان مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يېڭى بۇرژۇئازىيىگە ياردەملىشىپ فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش تەجرىبىلىرىنى قانداق يەكۈنلىگەنلىكى ئۈستىدە تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن.

△ ئۇلۇغ يازغۇچى، ئۆچمەس ئوبراز

«شىنجاڭ گېزىتى» 1983-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالا دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان، ئىسپانىيە ئەدىبىيا-

تىنىڭ رېئاللىقتا بۇرۇلۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ، ئىسپانىيە ھېكايىچىلىقىغا ئاساس سالغان ئۇلۇغ يازغۇچى سېرۋانتېسنىڭ رومانى «دونكىخوت» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان.

ماقالىدا ئۇلۇغ يازغۇچى سېرۋانتېسنىڭ ھايات پائالىيىتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ، ئاندىن يازغۇچىنىڭ بەدىئى ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى، ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى، بەدىئى ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى ژانىرلاردىكى ئىجادىي ئىزدىنىشلىرى، يازغۇچىغا ئالەمشۇمۇل شان-شەرەپ كەلتۈرگەن مەشھۇر ئەسەر «دونكىخوت» نىڭ يېزىلىش جەريانى، رومانىنىڭ تارىخىي قىممىتى، روماندا گەۋدىلەنگەن يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائى غايىسى فېئوداللىزم ۋە ئۇنىڭ چىرىك ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى كۈرەش روھى، ئاچچىق ساتىرىسى، روماندا يارىتىلغان ئۆچمەس ئوبرازلار توغرىسىدا تەپسىلى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، ئەسەرنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىرى نۇقتىلىق ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن.

△ «غېرىپ ۋە سەنەم»①

«شىنجاڭ گېزىتى» 1979-يىل 6-ئاينىڭ 3-كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالا ئۇيغۇر خەلق داستانى «غېرىپ-سەنەم» گە ئاساسەن ئىشلەنگەن تارىخىي ئوپېرا «غېرىپ-سەنەم» نىڭ سەھنىگە قويۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان. ماقالىدا «غېرىپ-سەنەم» داستانىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، داستاننىڭ ئوپېراغا ئۆزگەرتىلىش جەريانى، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئۈستىدە بىر قەدەر نۇقتىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، ئەسەرگە تارىخىي، ئىلمىي جەھەتتە باھا بېرىلگەن.

△ «خارلانغان كىشى»

«شىنجاڭ گېزىتى» 1980-يىل 3-ئاينىڭ 16-كۈنى.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالە كونا جۇڭگودا ھايۋاندىنمۇ بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرۈپ، خارلانغان خەلق سەنئەتچىسىنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى پاجىئەلىك ھاياتىنىڭ مەنبەسى، كىشىلەرنىڭ ئازاتلىقتا، ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان «ئىككى بۇلاقتا ئەكس ئەتكەن ئاي» ناملىق فىلىمنى كۆرگەندىن كېيىن يېزىلغان.

---

① بۇ ماقالا يولداش ئابدىرېشىت ئىسلام بىلەن ئىجادىي ھەمكارلىقتا يېزىلغان.

△ ياش شېئىرىي زېھىن

«ئۈچ غەزەل» ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

«شىنجاڭ گېزىتى» 1980 - يىل 20 - يانۋار.

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور بۇ ماقالىسىدا ياش شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ قەشقەر ھەققىدە يازغان «ئۈچ غەزىلى» دە ئىپادىلەنگەن ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختىلىپ، شائىر ئىجادىدا كۆرۈنۈشكە باشلىغان كىشىنى جەلپ قىلارلىق جۇشقۇن ھېسسىياتنى مەدھىيىلىگەن. ھېسسىياتنىڭ شېئىرىيەتتىكى رولى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. شېئىردىكى ھېسسىياتنىڭ چىنلىقى، پىكىرنىڭ چوڭقۇر، ئىخچاملىقى، تىلىنىڭ گۈزەل، يارقىنلىقىنى ھەم شائىرنىڭ شېئىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ھەم كلاسسىكلارنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى بايانلىرى بىلەن روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئومۇمەن ئاپتور ياش شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە گەۋدىلەنگەن كىشىنى جەلپ قىلارلىق ئۆزگىچىلىك ۋە ئۇسلۇبقا مەدھىيە ئوقۇپ، شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىنى ئۈمىت قىلغان.

△ ئىسىل پەزىلەتكە ئوقۇلغان مەدھىيە

«سادىر بېرىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ۋەقە» فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن

«شىنجاڭ گېزىتى» 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور بۇ ئوبزورىدا فىلىمدا كۆرسىتىلگەن مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىپ چىققان يېڭىچە مەسىلىلەر ئارقىلىق، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئالدىدىكى يۈكسەك ئابرويىغا قانداق زىيان سالغانلىقىنى فىلىمنىڭ كونكرېتنى ۋەقەلىكلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ بەرگەن. ئاخىرىدا پارتىيە ئەزالىرىدا ئىپادىلەنگەن ئىسىل پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان.

B

△ «كارول لىر»

(ھېكايىلەشتۈرۈلگەن تىراگېدىيە) (تەرجىمە)

بۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشر قىلغان «شېكسپىر درامىلىرىنىڭ

ھېكايىلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەردە «كارول لىر» تىراگېدىيىسىنىڭ مەزمۇنى ئەسىرى يول بىلەن بايان قىلىنغان.

△ پەزىلەت (ھېكايە)

ئاپتورى: ئەنگلىيە يازغۇچىسى جون. گولسۋارت

«دۇنيا ئەدەبىياتى» 1982-يىل 2-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئەسەر «نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» دىن تەرجىمە قىلىنغان. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بۇ ھېكايىدا ئۆز ھۈنىرىگە ۋە كىشىلەرگە بولۇپمۇ خېرىدارلارغا سەممىي سادىق بولغان ئىككى موزدوزنىڭ ئوبرازى ئىنتايىن جانلىق يارىتىلغان. دۇنيادىكى ئۆز ھۈنىرىگە ۋە خېرىدارلارغا سەممىي سادىق بولغان قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى ھەم ئۇلارنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرى ناھايىتى تەسىرلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

△ «چەتئەل ئەدەبىياتىدىن لېكسىيەلەر»

شىنجاڭ رادىيو سىفەن داشۆسى نەشرى 1984-يىل.

بۇ دەرسلىك خەنزۇچە «چەتئەل ئەدەبىياتىدىن 55 لېكسىيە» دىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا شەرق ۋە غەرب ئەدەبىياتى بىر قەدەر نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان. 1-كىتاپتا 13 لېكسىيە بېرىلگەن. بۇنىڭدا قەدىمقى زامان ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ئەدەبىياتى، ھەمدە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، مەشھۇر يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى تەھلىل قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان.

2-كىتاپتا 11 لېكسىيە بېرىلگەن بولۇپ، ئاساسەن 17-ئەسىردىن 19-ئەسىرگىچە بولغان غەربىي ياۋروپا ئەدەبىياتى ۋە بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل ئەدەبىي ھادىسىلەر، مەشھۇر يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر بولغان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر پارچىدىن ئەسىرى بىر قەدەر نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان.

3-كىتاپتا 16 لېكسىيە بېرىلگەن بولۇپ، ئاساسەن 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 60-يىللىرىغىچە بولغان غەربىي، شىمالىي ياۋروپا، روسىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيە ئەدەبىياتلىرى ۋە مەشھۇر يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ بىردىن مۇھىم ئەسىرى تەھلىل ئاساستا تونۇشتۇرۇلغان.

4 - كىتابتا 15 لېكسىيە بېرىلگەن بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغىچە بولغان رۇس - سوۋېت ئەدەبىياتى، ھىندى ئەدەبىياتى، شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك ئەللەر ئەدەبىياتى، ئۇندىن باشقا ياپونىيە، چاۋشيەن ئەدەبىياتلىرى بىر قەدەر نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان.

△ «مەشھۇر چەتئەل يازغۇچىلىرى»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاب خەنزۇچە «مەشھۇر چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابقا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ 4 كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان. بۇنىڭغا دۇنيادىكى 400 دىن ئارتۇق مەشھۇر چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن. بۇ 4 كىتاب ئاساسلىقى، پرولېتارىياتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىنقىلابىي يازغۇچىلىرىنى، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان ياكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى بار كىلاسسىك يازغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابخانلارنى ھازىرقى زامان چەتئەل ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بىر قىسىم يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە خاراكتېرىستىكا ۋە باھا بېرىلگەن، ھەمدە بەزى ئەكسىيەتچىل يازغۇچىلار ئۈستىدە پىپەنلىك تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن. بۇ چەتئەل ئەدەبىياتىنى ۋە يازغۇچىلارنى تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم قورال كىتاب بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

△ «لۇشۈن ھەققىدە ھېكايىلەر»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1975 - يىل نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

كىتابتا لۇشۈننىڭ كۈرەشچان ھاياتى، قەيسەر روھى قىزىقارلىق ۋەقەلەر بىلەن بايان قىلىنغان.

△ «ساختا ئەركىنلىكنامە»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى

بۇ كىتاب لۇشۈننىڭ 1935 - يىلىدىكى زاۋىنلار توپلىمى بولۇپ، لۇشۈننىڭ ئۆز

رەقىبلىرىگە قارشى تەيسەر روھى شۇنداقلا ئۇنىڭ جۇڭگودىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىگە قاتناشقانلىقى ۋە يېڭى مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغانلىقى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەنگەن.

△ «شىنسۇلۇ كەنتىدىكى يېڭى ئەۋلات»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979-يىل نەشرى

مەزمۇنى:

«يەلتەن ئۆرۈكى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ھېكايىدە يېزىلاردىكى يېڭى بىر ئەۋلات ياشلارنىڭ ئەمگەكچان ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەترابلىق ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى تەسۋىرلەنگەن.

## ھەسەنجان سادىق

△ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىنقىلاۋى رىيالىزم روھى توغرىسىدا دەسلەپكى قاراشلىرىم

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» قوشۇمچە سان 1982 - يىل (توپلام)

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسى ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ياقلانغان رېپېرات بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى رىيالىزملىق روھ توغرىسىدا مۇ- ھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان.

ماقالىنىڭ باش قىسمىدا رىيالىزم مەسىلىسى ئىزاھلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رىيالىزم ئەنئەنىسى شەرھىيلەنگەن. ئاخىرقى قىسىملىرىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا رىيالىزمنىڭ ئىپادىلىنىشى نۇقتىلىق ئەسەرلەرگە تەدبىقلانغان ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپ، پىشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرى، پىشقەدەم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ھەمدە بۈگۈنكى زامان يازغۇچىلىرىدىن قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە روشەن ئەكس ئېتىلگەن رىيالىزملىق روھ توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن.

## ئەخمەتبەك كىرىشباي ئوغلى

△ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ياش ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىكى رېئال ئەھمىيىتى

قازاقچە «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1957 - 3 - سان

قىسقىچە مەزمۇنى:

ماقالىدا: (1) قازاق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ژانىرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بېرىلگەندىن كېيىن چېڭ ژانىرلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ، ھەم مۇشۇ ژانىرلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى مەنبەسى قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇش كۆچۈرۈش تارىخى شارائىتى ۋە تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىنىدۇ.

(2) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىغا تەئەللۇق مۇھىم، يىرىك ئەسەرلەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتى، ئۇنىڭدىكى غايىۋى ئوبرازلار گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، بۇ ئوبرازلارنىڭ ۋە ئۇلار بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلەرنىڭ ئىدىئال ۋەقەلەر ئىكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

(3) رىۋايەت، ئەپسانە، چۆچەكلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ رېئال ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

△ قاۋسۇلقاننىڭ «دەسلەپكى قەدەم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى توغرۇلۇق دەسلەپكى پىكىر

«شوغىلا» ژۇرنىلى 1963 - 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا يازغۇچىنىڭ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «دەسلەپكى قەدەم»، «ئۇن يىللىقنىڭ نەمۇنچىسى »، « يېڭى يايلاق »، « خەت» قاتارلىق بىر نەچچە ھېكايىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن. (1) توپلامدىكى ھېكايىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشتىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ھېكايىلەردىكى تېمىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى تەھلىل قىلىنغان. ماقالىدا نۆۋەتتىلىق ھالدا يازغۇچى ھېكايىلىرىدا خەلق ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش، ئالىي كوپېراتسىيە قۇرۇش ھەركىتى داغدۇغىلىق ئەۋج ئېلىۋاتقان مەزگىلدىكى قازاق چارۋىچىلىرى ئارىسىدىن يېتىشىۋاتقان يېڭى ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقانلىقى تەھلىل قىلىنىدۇ. (2) كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، ئەكسىيەتچى كۈچلەر

بىلەن ئىنقىلاۋىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ غەلىبىسى، ھېكايىلەرنىڭ ئىجابىي قەھرىمانلىرى ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ غەلىبىسى، خەلقنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسى، بەختلىك تۇرمۇشى قاتارلىق تەرەپلەرنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكى تەھلىل قىلىنىدۇ ۋە يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكى، تىل ئىشلىتىشتىكى چېۋەرلىكى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

△ «ئۈچ ھېكايە، ئىككى شېئىر» ھەققىدە

«شوغىلا» ژۇرنىلى 1979-يىل 3-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا 1980-يىلى «شوغىلا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش جەريانىدا بىرىنچى بولۇپ باھالانغان «كېپەنەك كېيگەننىڭ تويى»، «ئەرۋاھلار ئارىسىدا»، قاتارلىق ھېكايىلەر بىلەن «خوشاللىق ناخشىلىرى»، «ئارال» قاتارلىق شېئىرلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن. كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، (1) ھېكايىلەردە مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ناھەق زىيان تارتقان بايدار بوۋاينىڭ ئوبرازى ئارقىلىق 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا ئاستىن-ئۈستۈن بولغان ئەھۋاللار، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق سۆيۈدىنىڭ ئەززىنى ھەققى ئىنچىكە ئىنقىلاپ، خەلققە زىيان سالغان بىر ئوچۇم يامان ئادەملەرنى پاش قىلىپ، بايدار بوۋاينىڭ ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ توي قىلغانلىقى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن. (2) «ئەرۋاھلار ئارىسىدا» ناملىق ھېكايە تونۇشتۇرۇلۇپ ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى، يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدا كۆرۈلۈۋاتقان ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يېڭى قىياپىتى تەھلىل قىلىنىپ، ئەدەبىيات ئارقىلىق ئىلىم-پەننى تەشۋىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى چۈشەندۈرۈلگەن. (3) ماقالىدا ھازىرقى زامان قازاق پوئېزىيىسىدىكى ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى يېڭى تېمىلار، يېڭى ئوبرازلار، ئىلىرىك مۇلاھىزىلەرنىڭ ياخشى نەتىجىلىرى تەھلىل قىلىنغان، ھەم شېئىرلاردىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئىلىرىك ھېسسىيات تەسۋىرلىرىدىكى يېڭى نەتىجىلەر مىسال بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ياش شائىرلارغا ئىلھام بېرىلگەن.

△ «تىپ، تىپىك قەھرىمانلار ۋە ئۇنىڭ قازاق پروزىسىدىكى نامايەندىلىرى»

«شوغىلا» ژۇرنىلى 1980-يىل 12-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا (1) ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىياتتىكى تىپىكلىك مەسىلىسىگە

بەرگەن تەرىپلىرى بىلەن ئەدەبىي تىپ توغرىسىدىكى بايانلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنە دۇنيا كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر قانچە تىپىك ئوبرازلار ئىلغا ئېلىنىپ، بەدىئىي تىپنىڭ ئەھمىيىتى تەھلىل قىلىنغان. (2) ئازاتلىقتىن كېيىنكى قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تىپىك قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرى ياخشى گەۋدىلەنگەن ئەسەرلەر تەھلىل قىلىنغان. بولۇپمۇ قازاق پىروزىسىدىكى تۇنجى يىرىك ئەسەر قاجىخۇمار شابدان ئوغلىنىڭ «بەخت يولىدا» ناملىق پوۋېستىدىكى تىپىك قەھرىمانلار ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى ماھىرلىقى، قەھرىماننىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئانالىز قىلىنىدۇ. (3) ماقالىدا ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدىكى ھىكايە يازغۇچىسى قاۋسۇلقان قوزىبايۇلىنىڭ ھىكايىلىرىدىكى تىپىك قەھرىمانلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە يازغۇچىنىڭ تىپىك قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىشتىكى بەدىئىي ماھارىتى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. (4) قازاق يازغۇچىلىرىدىكى تىپىك قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلەردىكى قىياپەت تەسۋىرى، بەدىئىي مەيدان، مۇھىت تەسۋىرى، پېيزاژ تەسۋىرى، قەھرىمان پورترېت تەسۋىرى، پىسخولوگىيىلىك ھېسسىيات تەسۋىرى قاتارلىقلارنىڭ بەدىئىي ئەسەرنىڭ تىپىك قەھرىمان ئالاھىدىلىكىگە ئويغۇنلۇقى تەھلىل قىلىنغان.

△ ئازاتلىق نۇرى بىلەن گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان قازاق ئەدەبىياتى
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» (قازاقچە) 1981- يىل 1- سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا: ئازاتلىقتىن كېيىنكى قازاق ئەدەبىياتىدىكى جۇشقۇن يېڭى كەيپىيات، يېڭى تەرەققىياتلار بايان قىلىنغان. بۇنىڭدا (1) پروزا ژانىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ مۇھىم يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت يولى تەھلىل قىلىنىپ، ھەر بىر يازغۇچىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى يىغىنچاقلانغان ھەم ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشتىكى دەۋر شارائىتى بىلەن شۇ يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى تەھلىل قىلىنغان. (2) ئازاتلىقتىن كېيىنكى قازاق شېئىرىيىتىنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى مايسىدەك ياشنىغان يېڭى قىياپىتى، لىرىك تۈرلەرنىڭ كۆپىيىشى، بۇ شېئىرلاردىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكنىڭ رەڭمۇ-رەڭ بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن كامالەتكە يېتىشىۋاتقانلىقى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك سيۇژېتلىق شېئىرلار، باللادا، داستان، شېئىردىي رومانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، سان ھەم سۈپەتتىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر، مۇھىم يىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىنغان. (3) ماقالىدا ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدىكى پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلار، ياشلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىكى كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى سېلىشتۇرۇلۇپ، ھەر خىل ژانىرلاردىكى يېڭىلىقلار، بولۇپمۇ بۇرۇن تە-

رەققى تاپمىغان دىرامما، ئەدەبىي تەنقىت قاتارلىق ژانىرلاردىكى يېڭى نەتىجىلەر بايان قىلىنغان.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا قازاق ئەدەبىياتىدا ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەر كۆرسىتىلىپ تەنقىت قىلىنىپ، يېڭى تەرەققىياتقا يۈزلىنىش تەۋسىيە قىلىنغان.

△ ئۇلۇغ يازغۇچى لۇشۈننىڭ ئىنقىلاۋىي روھىغا ۋارىسلىق قىلايلى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984 - يىل 4 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا: (1) لۇشۈننىڭ تۇغۇلغانلىقىغا يۈز يىل توشۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ ھاياتى، پائالىيىتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭدا ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى ئاساسىي نۇقتا قىلىنىپ، لۇشۈننىڭ تەدرىجى تەرەققىيات كۆزقارىشىدىن كوممۇنىزىم جەڭچىسىگە ئايلىنىش جەريانىدىكى ئىجادىي پائالىيىتى سېلىشتۇرۇلۇپ تەھلىل قىلىنغان. (2) لۇشۈننىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى جان - دىل بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن ئىشلەشتەك ئۇلۇغ جەڭگىۋار روھى تەھلىل قىلىنغان، لۇشۈن زۇلمەت باسقان قاراڭغۇ جۇڭگونىڭ نادان، قالاق، كەمبەغەل، ئاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىپ ئۇلارنى مەنىۋى ئازاتلىققا ئېرىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى تەكىتلەنگەن. (3) لۇشۈننىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازاتلىقى يولىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىق كۈرەشلىرى بىلەن قورقماس، جەسۇر، باتۇرلۇقى بايان قىلىنىپ، تەھلىل قىلىنغان.

ماقالا - لۇشۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن ھەم توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

△ قۇرمانغالى ئوسمان ئوغلىنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە

«شوغىلا» ژورنىلى 82 - يىل 7 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا: (1) قۇرمانغالى شېئىرلىرىنىڭ يېڭى دەۋر قازاق شېئىرىيىتىدىكى ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تونۇشتۇرۇلدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنقى شېئىرلىرى «خۇشاللىق ناخشىلىرى» بولۇپ، بۇ توپلامدا ئاساسەن ئەمگەك، مۇھەببەت، مىللىي دوستلۇق قاتارلىق تېمىلار گەۋدىلەنگەن. (2) قۇرمانغالىنىڭ ئىجادىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى مەزگىل بولۇپ،

بۇ مەزگىلگە تەۋە شېئىرلار «مەرۋايىتلار» ناملىق توپلامغا جەم بولغان. شائىرنىڭ بۇ توپلامدىكى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى كۆڭۈل كۈيلىرى، ھېسسىيات لىرىكىلىرى، تەبىئەت لىرىكىلىرىدىن ئىبارەت. (3) تۇرمانغالى ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىجادىي پايدىلىنىشتەك ئالاھىدىلىكى ۋە تىل ئىشلىتىش ماھارىتى مۇلاھىزە قىلىنغان.

△ لۇشۈن ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» (قازاقچە) 1982 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا: (1) جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا جۇشقۇن تەرەققىي قىلغان جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى قىياپىتى بايان قى- لىنىدۇ ۋە مۇشۇ كۆرەش ئىچىدە زور قەدەم بىلەن جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئالغا ماڭغان لۇشۈن تونۇشتۇرۇلىدۇ. (2) لۇشۈننىڭ تىبىي ئىلىمدىن ۋازكېچىپ نېمە ئۈچۈن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، يېڭى ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىل- غان تۇنجى ئەسىرى «سەۋدايى خاتىرىسى» جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى بىرىن- چى ئەسەر ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئەسەرنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى رولى، تەسىرى قىسقىچە تەھلىل قىلىنىدۇ. (3) لۇشۈننىڭ زاۋىنلىرى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى ھەمدە ژانىرلىق خۇسۇسىيىتى بايان قىلىنىدۇ ۋە لۇشۈن زاۋىنلىرى جۇڭگونىڭ زۇلمەت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، بەختلىك يېڭى جۇڭگو قىلىپ قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتا مۇھىم ئىدىيىۋى قورال بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلىدۇ.

△ «رېئال مەزمۇن، پۇختا بەدىئىي قۇرۇلما شېئىرىي تىل قازاق ئېپوسلىرىدىكى بەدىئىيلىكنىڭ كۆزى»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» (قازاقچە) 1983 - 1- سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا: (1) قازاق ئېپوسلىرى بىر نەچچە ئەسىرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ زامانىمىزغا يەتكەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ چوڭ ژانىرلىرىدىن ئىكەنلىكى با- يان قىلىنىدۇ. مۇشۇ بىر تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدىكى ئەمگەك ئادەملىرىنىڭ كېلىچەك

ھەققىدىكى گۈزەل خىياللىرى بىلەن ئاجايىپ خىياللىرى، ئۆز ۋەتىنىنى، ئۆز خەلقىنى قوغداشتىكى قەھرىمانلىقلىرى قازاق ئېپوسلىرىنىڭ توپ مەزمۇنى ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. (2) قازاق ئېپوسلىرىنىڭ ۋەقەلىكلىرى دەسلەپ ئايرىم - ئايرىم ۋەقەلەر بولۇپ خەلق ئېغىزىدا ئېيتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەسىرلەر داۋامىدا خەلق ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇن ۋەقەلەر خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئايلانغانلىقى تەھلىل قىلىنىدۇ. (3) قازاق ئېپوسلىرىنىڭ تىلى خەلق ئارىسىدا ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا تاللاپ پىشۇرۇلغان ماقال - تەمسىل خاراكتېرلىك ئاپورىزملاردىن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن يېتىمەس-تۈگىمەس غەزىنە بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

△ قەدىمقى زامان قازاق يازما ئەدەبىياتى توغرىسىدا

قازاقچە «مىراس» ژورنىلى 1984- يىل 2- سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا: (1) قازاقنىڭ قەدىمقى زامان يازما ئەدەبىياتىنىڭ بېشى 5 - 6- ئەسىرلەردىكى تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدىكى كونا تۈركىي قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە يېزىق تامغىلىرىنى ياساپ، شۇئارقىلىق ئۆز تارىخلىرىنى قەبىلە باشقۇرۇش قانۇنلىرىغا ئائىت پەرمانلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرخۇن يېزىقىنى قوللانغان دەۋردىن باشلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. (2) ئۇرخۇن، يەنسەي، تالاس، تاش يازما يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ تېپىلىشى، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى تەكشۈرۈشتىكى ئەھمىيىتى تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا بىلگە قاغان ئابىدىسى، كۈلتېگىن ۋە تونيۇقۇق ئابىدىسى تاشلىرىدىكى يېزىقلار، بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ باي مەزمۇنلىرى بىلەن ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى كۆرسىتىلىدۇ. (3) 7 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگە تەۋە بولغان قەدىمقى قازاق ئەدەبىياتى، كونا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن ئورتاق تەرەققىي قىلغان ئەدەبىيات ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلغان ھەنبىشى ۋە ئالاھىدىلىكى، شۇنىڭدەك قەدىمقى تۈركىي تىلدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان يېرى، شۇ قەبىلىنىڭ كېيىن قايسى مىللەتنىڭ تەركىبىگە تەۋەلىكىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شۇۋاقىتتىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تەۋەلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈلگەن. (4) 14- ئەسىردىن كېيىنكى قازاقنىڭ يازما ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى، تارىخنامىلەر، لۇغەتلەر، قەدىمقى قىپچاق يېزىقىنىڭ تارىخى شەرھىلىنىدۇ. (5) 15- ئەسىردىن 17- ئەسىرگىچە قازاقنىڭ كونا شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

△ ئەبۇناسىر ئەل - فارابى ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» 1984 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا: (1) ئەبۇناسىر ئەل - فارابىنىڭ ھاياتى، ئىلىم - پەن ئىزدىنىشلىرى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئالىمنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكى ۋە دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن بىردەك ئىككىنچى ئارىستوتېل دېگەن نام بىلەن تونۇلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. (1) ئەل - فارابىنىڭ فىلسوفىيە، ئەدەبىيات، مۇزىكا ساھەسىدىكى ئۇلۇغ كەشپىياتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۆلمەس تۆھپىلىرى تەھلىل قىلىنىدۇ. (3) ئەل - فارابىنىڭ ئىجادىيەت بىبلىئوگرافىيىسىگە ئائىت بەزى مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

△ قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدىن نەمۇنىلەر

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي باشقارما 1985 - يىل نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى،

كىتابنىڭ مەزمۇنى 4 بۆلۈمدىن تەركىب تاپىدۇ.

بىرىنچى بۆلۈمدە، قازاق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرۇلۇق ئوبزور خاراكتېرىدە تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن خەلق ئېپوسلىرى، قىسسىلەر، تارىخىي داستانلارغا كۆپرەك ئورۇن بېرىلگەن. ئىككىنچى بۆلۈمدە، قازاقنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدىن باشلاپ (7- ئەسىردىن باشلاپ) 19- ئەسىرنىڭ 2- يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالى تاللىنىپ تەھلىل قىلىنىدۇ. مۇھىم يازغۇچى شائىرلار نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچى بۆلۈمدە، 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 1949 - يىلغىچە ئارىلىقتىكى قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى، ۋەكىللىك خاراكتېردىكى يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادى تونۇشتۇرۇلىدۇ. تۆتىنچى بۆلۈمدە، ئازاتلىقتىن كېيىنكى قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى نۇقتىلىق شەرھلىنىدۇ.

بۇ كىتاب جەمئىي 31 باپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، قازاق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك ئېھتىياجى نەزەردە تۇتۇلۇپ تۈزۈلگەن.

# ئەخمەتجان ئەسقەرى

## A

△ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن لېكسىيە»
شىنجاڭ داشۆ نەشرى 1982 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

3 قىسىم 300 مىڭ خەتلىك بۇ دەرسلىكتە تىل ھەققىدە؛ ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە تارىخى؛ ئۇيغۇرلار ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى؛ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى؛ تەۋەلىكى؛ ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا تۈركى تىللاردىن پەرقلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى؛ ھازىرقى دىئالېكتلار؛ ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنىڭ ئوبيېكتى ۋەزىپىلىرى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاۋازلار ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئاۋازلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوللانغان يېزىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بايلىق ھەسىلىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، سۆزلەر تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرى؛ سۆزلەرنى ئىشلىتىش، سۆزلەرنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەر؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ قۇرۇلۇشى؛ سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى، پرىنسىپلىرى، ھەر بىر سۆز تۈركۈملىرىنىڭ تەبىرى، مەنە ئالاھىدىلىكلىرى، گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، ئالاھىدىلىكلىرى، سىنتاكسىسلىق باغلىنىشلىرى، مۇناسىۋەتلىرى، جۈملە بۆلەكلىرى؛ ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، تولۇقلىغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، پەرقلىرى؛ قوشما جۈملىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قائىدىلىرى، ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىش ئۆلچەملىرى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى قاتارلىق مەسىلىلەر خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

بۇ دەرسلىكتە، قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مەزمۇنلارنىڭ بەلگىلىنىشى، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنىڭ شەرھلىنىشى، ماتېرىياللىرىنىڭ تاللىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلمىي، سىس- تېمىلىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشىغا مۇمكىن قەدەر دىققەت قىلىندى. جۈملىدىن ھەم باشقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، ھەم ئاپتورنىڭ ئۆز كۆز قاراشلىرىدا

ئۆزگىچىلىك ۋە يىغىنچاقلارنىڭ بولۇشى، ھەم مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرراق، مولراق، مۇھىم ئۇقتىسى گەۋدىلىك، ئىخچاملراق بولۇشلىرى ئېتىبارغا ئېلىندى. بولۇپمۇ ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە قولايلىق بولۇش بەكرەك نەزەرگە ئېلىندى. شۇڭا ھازىرغىچە 3 قېتىم كۆپەيتىپ بېسىلدى. ھازىر دەرسلىك قاتارىدا قوللىنىلىۋاتىدۇ.

△ «ئۇيغۇر تىلى» (سىنتاكسىس قىسمى).

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى. 1984-يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتورنىڭ بۇ كىتابى 130 مىڭ خەتلىك بولۇپ، ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىپ نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈش پرىنسىپلىرى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش قائىدىلىرى، جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، جۈملىلەرنىڭ تەركىب بۆلەكلىرى، جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، قائىدە - قانۇنىيەتلىرى، تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش قائىدىلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىندۇ

بۇ كىتابنى تۈزۈشتە ئۆزلۈكسىز ئىزچىللىقىغا، باش - ئاخىرىنىڭ قارىمۇ - قارشىسىز بولۇشىغا، چوڭلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىشىگە، بولۇپمۇ ھەر بىر قائىدىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ مىساللارنىڭ ئۆز جايىدا، دەل بېرىلىشىگە، بىر نەچچە قائىدىدىن كېيىن ئۆتكەنلەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قائىدىلەرگە ماس ھالدىكى كۆنۈكمىلەرنىڭ مۇۋاپىق، خىلمۇ - خىل بولۇشىغا دىققەت قىلىندى. جۈملىدىن كىتابقا مۇۋاپىق ھالدا ئىجادىي كۆز قاراشلارمۇ كىرگۈزۈلدى.

△ ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇقلىغۇچى بۆلەك توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىم

«تىل ۋە تەرجىمە» 1981-يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

15 مىڭ خەتلىك بۇ ماقالىدا دەسلەپ ئازاتلىقتىن كېيىنكى 30 يىلدىن بۇيانقى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىغا دائىر تەتقىقات ئۈستىدە قىسقىچە باھا بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىدا ھازىرغىچە ھەل بولماي كېلىۋاتقان يېڭى بىر مەسىلە، يەنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچىلاردىن باشقا «تولۇقلىغۇچى» دېگەن بىر ئەگەشمە بۆلەك بارمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلە بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇشتا بىر

قاتار نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تولۇقلىغۇچى» دېگەن بىر ئەگەشمە بۆلەكنىڭ ھەقىقەتەن ئەمەلىي مەۋجۇت ئىكەنلىكى بايان قىلىنىپ، ئىزىنىڭ تەبىرى، ئۇنىڭ تولدۇرغۇچى ۋە ھالەتلەردىن پەرقى، ئالاھىدىلىكى، بۇنداق بىر بۆلەكنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىدا ئەمەلىي ئەھمىيىتىنىڭ بارلىقى، بۇ ئارقىلىق يەنە بىرمۇنچە نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنىڭ ئايدىڭلىشىپ كېتىدىغانلىقى شەرھىلىنىدۇ.

بۇ ماقالا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا خېلى تالاش - تارتىش قوزغىدى. ھەر خىل قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىلھام بولدى. جوڭگو تىل پاكۇلتېتى دوتسېنتى نۇردى ئەخمەت بۇ ماقالىغا قارىتا «...... بۇ ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرى ئىچىدە ھازىرغىچە ھەل قىلىنماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئاپتور بۇ مەسىلىنى ماركسىزىم تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئاساسىدا يورۇتۇپ بەردى، ئىلمىيلىكى جەھەتتىن خېلى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ... بۇ نەزەرىيە خاراكتېرلىك ماقالىنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىشى ياخشى ئىش بولدى» دېگەن باھاسىنى بەرگەندىن كېيىن، شۇ يىلى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تەرەپتىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن دەرسلىك كىتاۋىغا رەسمىي بىر مەزمۇن قىلىپ كىرگۈزدى. شۇندىن كېيىن دوتسېنت ئەنسەردىن مۇسامۇ 1983 - يىلى شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى ئۈچۈن تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىدىن چۈشەنچە» دېگەن ماقالىسىدىمۇ بۇ چۈشەنچىنى قوبۇل قىلدى.

△ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسىدىكى شەكىللەر توغرىسىدا

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1984 - يىل 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

21000 خەتلىك بۇ ماقالىدا بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرى ئىچىدە تالاش - تارتىش قىلىنىپ كېلىۋاتقان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا زادى قانچە كېلىش بار؟ دېگەن مەسىلىگە قارىتا قاراشلار بايان قىلىنىدۇ.

بەزىلەر 6 كېلىش بار دېسە، بەزىلەر 14 كېلىش بار دەيدۇ. بۇ ماقالىدا ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ ئاددى شەكلىدىكى 12 خىل كېلىش بىلەن تۈرلىنەلەيدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئىسىملارنىڭ قوشما شەكلىدىكى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلى ھەتتا ئىسىملارنىڭ مۇرەككەپ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇللىرىنىڭمۇ بارلىقى سۆزلىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسىدىكى شەكىللەر، ئىسىملارنىڭ يەنە شۇ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇللىرى، كېلىش شەكىللىرىنىڭ رول ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى توغرىسىدا بەزى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

△ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە.

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1985 - يىل 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

11000 خەتلىك بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدە ھازىر بەزى ئىختىلاپلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن لۇغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى، قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى، مەزمۇنى ۋە پىرىنسىپلىرى، لۇغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش جەريانىدا دىققەت قىلىدىغان ۋە ساقلىنىدىغان مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

## B

△ «يېزىمىڭ نىمە ئۈچۈن»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1962 - يىل

△ «جۇڭگو كومۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ تارىخى»، (5 باپ)

شىنجاڭ پارتىيە مەكتىۋى نەشرى، 1961 - يىل

△ «مەشھۇر چەتئەل يازغۇچىلىرى»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1983 - يىل

# ئەۋەلقان قالى ئوغلى

## A

△ «يېزىقچىلىقنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1981 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتاپ ئەسلى تەكلىپ بويىچە قۇراشتۇرۇلۇپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغان بولۇپ، ئاساسىي ئوبيېكتىسى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى. (1) كىتاپتا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى — يېزىقچىلىق ئىستىلى، تېما، ماتېرىيال، ماۋزۇ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلۇشى، سيۇژېتى، پېرسوناژى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، تىلى (ئىستىلىستىك ۋاستىلار) مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە ماتېرىياللارغا ۋە قازاقىستان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن خېلى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان بولغاندىن سىرت، ئەدەبىيات ژانىرلىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان.

كىتاپتىكى ئاساسىي نەزىرىيىۋى بىلىملەر ماتېرىياللارغا ئاساسەن قۇراشتۇرۇلغان. ئاپتور بىلىمنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ئادىتى، يېزىقچىلىق ئىستىلى بويىچە چۈشەندۈرگەن ۋە بۇ بىلىملەرنى تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيدىن مۇرەككەپلىككە قاراپ بايان قىلغان. (2) ئاپتور يېزىقچىلىق ئىلمى ئاساسلىرىنى قازاق ھەۋەسكارلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قازاق ئاپتورلارنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدىكى ئىجابىي تەجرىبىلەرنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ساقلانغان بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەل قىلغان. بۇ كىتاپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ھەۋەسكارلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا خېلى ئوبدان رول ئوينىغان.

△ «يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»

شىنجاڭ داشۆ نەشرى، 1985 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ مەكتىۋىمىزنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىدىكى قازاق تىل - ئەدەبىيات كەسپى

سىنىپقا بىرلەشتۈرۈلگەن دەرسلىك. دەرسلىك ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان: ئاساسىي بىلىملەر، ژانىرلار ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر تولۇقىدە تەھلىل. مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر تولۇقىدە تەھلىلدىن باشقىلىرى جەمئى ئون ئىككى باپ بولۇپ، 1-، 2-، 3-باپلىرىدىن باشقىلىرىنى ئاپتور ئۆزى قۇراشتۇرغان.

يېزىقچىلىق كەسپىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى بىر تۇتاش دەرسلىككە ئاساسەن كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمى بەش باپ قىلىپ تۈزۈلگەن. بۇنىڭدا ئەسەرنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى — تېما، ماتېرىيال، ماۋزۇ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلار ۋە يېزىقچىلىق ئىستىلى خېلى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر سۆزلەنگەن. كىتابتا ئومۇمىي يېزىقچىلىققا ئېتىبار بېرىلگەن، يېڭى مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن، يېڭى مىساللار قوشۇلغان. كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، شېئىرىيەت، نەسرىي ئەسەرلەر، تىياتىر، سەنۋىن (نەسىر)، فېليېتوننىڭ ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئوخشاش تۈرلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، مۇشۇ ژانىرلاردا ئەسەر يازغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىتابنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا، «بوران قۇشى» (م. گوركىي)، «گۈل باغچىدىن سەنۋەن مەدرىسىگە قەدەر» (لۇشۈن)؛ «خامېلېئون» (چېخوف)؛ «ئىسلامنىڭ تەگتوشى» (ق. قوزىباييېۋ)، «ئاسمان ئىشتى»، «ئاسمان كۆچىسى» (گرىبو)، «سالام ساڭا ئالتايىم» (م. رازدان)، «بېتېۋىنى خاتىرلەش» (ماۋزېدۇڭ) قاتارلىق ئەدەبىي، مۇھاكىمە ئەسەرلەر تەھلىل قىلىنغان.

△ «قازاق ئېغىز ئەدەبىياتى»

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىل.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتابقا نىغمەت مىڭجانى كىرىش سۆز يازغان. كىرىش سۆزدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ — قازاق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم يورۇققا كەلگەن ئەسەر، كىتابنىڭ 18 بابىدا قازاق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق تۈرلىرى ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق تەھلىل قىلىنغان. تېمىسى، مەزمۇنى، دائىرىسى، ژانىرلارغا بۆلۈش، تەھلىل ئۇسۇلى ۋە كۆز قاراشلىرى تەرەپتىن بۇ ئەسەرنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن يېزىلغان ئەسەرلەردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار». بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، دەسلەپكى ئالتە باپ — ئومۇمىي ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر. ئاپتور خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ تەدبىقلىغان. مۇشۇ ئارقىلىق قازاق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ھادىسىلەرنى نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ چۈشەندۈرگەن.

ئىككىنچى، كېيىنكى باسپىلاردا قازاق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە يېزىلغان بۇرۇنقى كىتاپلاردا تەتقىق قىلىنمىغان بەزى مەزمۇنلار خېلى ئەتراپلىق سۆزلەنگەن. قىسقىسى، ئاپتور ماركسىزم كىلاسسىكلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، لۇشۈن، گومورو، موركان، مۇختەر ئەۋەزوۋ قاتارلىق يازغۇچى، ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن ۋە خەنزۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەخسۇس تەتقىقاتلاردىن پايدىلىنىپ، قازاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى خېلى ئەتراپلىق بايان قىلىپ بەرگەن.

△ «ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلى»
«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1962 - يىل 3 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ماقالىدا قاۋسىلقان قوزىبايېۋ ھېكايىلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش، كىلاسسىكلارنىڭ تىل ھەققىدىكى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەردە تىلنىڭ ئورنى ۋە رولى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

△ «ئۈچ پىكىر»
«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» (قازاقچە) 1962 - يىل 11 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:
«سالىمقا - سامەن» داستانى ۋە مۇشۇ داستان ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئوپېرا ھەققىدە بىر يولداش ماقالا ئېلان قىلغان. «ئۈچ پىكىر»دە مۇشۇ ماقالىنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىلگەن.

△ «ياخشى باشلانما»
«شىنجاڭ گېزىتى» 1964 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا خەنزۇ شائىرلارنىڭ «باھار كۈيى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

△ «قازاق خەلقىنىڭ ھازىرقى زامان قوشاقلىرى توغرىسىدا»
«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1964 - يىل 4 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا قازاق خەلقىنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن تەرەپتىكى بىر

ئالاھىدىلىكى مەدھىيە ئىكەنلىكى، بۇ كۈچلۈك پارتىيىۋىلىكى، سوتسىيالىزمنىڭ ئۇتۇقلىرىنى ۋە ئەمگەكنى مەدھىيىلەشتە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىنغان. بەدىئىيلىك تەرەپتىكى ئالاھىدىلى- گىنىڭ بىرى رومانتىزىم ئۇسۇلى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان.

△ «قازاقنىڭ تۇنجى رومانى»
«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1980 - يىل 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا قازاق يازغۇچىسى جاقىپ مىرزاقاننىڭ «ئارمان يولىدا» دىگەن رومانىنىڭ مەزمۇنى، گۈزەللىكى تەھلىل قىلىنىپ، جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىدا رومان تۇغۇلۇشىنىڭ ئاساسلىرى بايان قىلىنغان.

△ «ھازىرقى زامان قازاق تىلىنىڭ ئىستىلىستىك ۋاستىلىرى»
«شىنجاڭ مائارىپى» 1980 - يىل 2 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا ئىستىلىستىكا ئىلمى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلىپ، ھازىرقى زامان قازاق تىلىنىڭ ئون نەچچە خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئەسەر ژورنال تەھرىراتى تەرەپتىن تەقدىرلەنگەن.

△ «ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى»
«شىنجاڭ گېزىتى» 1980 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا ھازىرقى زامان قازاق يازغۇچىسى كۈنگەي مۇقاجاننىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ، ئوقتىلىق ھالدا ئۇنىڭ «تالىشىش» پوۋېستى تەھلىل قىلىنغان.

△ «باش باھار قارلىغاچلىرى①»
«شىنجاڭ گېزىتى» 1980 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ماقالىدا ئازاتلىقتىن كېيىن مول تۆھپىسى بىلەن تونۇلغان بىر تۈركۈم شائىر، يازغۇچىلار ھەققىدە ئومۇمى تونۇشتۇرۇش بېرىلىدۇ.

---

① بۇ ماقالا قايۇللا بايانباي بىلەن بىرلىكتە يېزىلغان.

△ «قاۋسىلقان قوزىباييۋنىڭ ھاياتى بىلەن ئىجادىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە».

«شوغىلا» ژورنىلى، 1981 - يىللىق 11 - ۋە 12 - سان

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» (قازاقچە) 1981 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا قاۋسىلقان قوزىباييۋنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان. ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى شېئىرلىرى تەھلىل قىلىنغان. نۇقتىلىق ھالدا ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى — پېرسوناژ ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈش، دېتال تاللاش، پىسخىكىلىق تەسۋىرى ۋە تىلى جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغان، بۇ ماقالا «شوغىلا» رېداكسىيىسى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان.

△ «قازاق خەلق داستانلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» (خەنزۇچە) 1982 - يىللىق 1 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا قازاق خەلق داستانلىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان.

△ «"ھازىرقى زامان قازاق تىلىنىڭ ئىستىلىستىك ۋاستىلىرى"غا قوشۇمچە»

«شىنجاڭ مائارىپى» 1982 - يىل 3 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ خەنزۇلاردا، قازاقلاردا قانداق شەكىللەنگەنلىكى تونۇشتۇرۇلۇپ، ھازىرقى زامان قازاق تىلىنىڭ ئالدىنقى ماقالىدا ئېيتىلماي قالغان ۋاستىلىرى بايان قىلىنغان.

△ «شىنجاڭ مائارىپى» نىڭ 30 يىللىقىغا تەبرىكنامە»

«شىنجاڭ مائارىپى» 1982 يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا «شىنجاڭ مائارىپى» نىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا ئوينىغان رولى بايان

قىلىنغان ۋە بەزى تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

△ «‹ئىگە› نى ئۆتۈشنىڭ بىر سائەتلىك پىلانى»
«شىنجاڭ مائارىپى» 1982 - يىل 2 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا قايسى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئىگە بولالايدىغانلىقى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن.

△ «كىگىز ئۆيدىن چىققان شائىر»①
«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1982 - يىل 7 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ماقالىدا قۇربانئالى ئوسماننىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە شېئىر ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلغان.

△ «قازاق خەلقىنىڭ باتۇرلۇق داستانلىرى توغرىسىدا»
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» (قازاقچە)
1981 - يىل 1 - سان، «شالغىن» 1982 - يىل 1 - سان
«شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» خەنزۇچە 1983 - يىل 1 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:
ماقالىدا باتۇرلۇق داستانلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، قازاق خەلق باتۇرلۇق داستانلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە مەزمۇن تەرەپتىكى خۇسۇسىيەتلىرى، باتۇرلۇق داستانلىرىنىڭ بەدىئىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغان.

△ «ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرى»
(قازاق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى)
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى 1982 - يىل

مۇھىم مەزمۇنى:
بۇ ماقالا 8 باپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرى قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىنىپ چۈشەندۈرۈلگەن.

① بۇ ماقالا يولداش ۋاڭ باۋ بىلەن ئىجادىي ھەمكارلىقتا يېزىلغان.

△ «قازاق خەلقىنىڭ توي قوشاقلىرى» ①

«ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىگە تەھلىل» (خەنزۇچە) دېگەن كىتاپتا ئېلان قىلىنغان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا قازاق خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرىگە ئائىت قوشاقلارنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىلىك تەرەپتىكى خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

△ «ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىپ كېلىۋاتقان بىر ژانىرى»

«شىنجاڭ مائارىپى» ژورنىلى 1983 - يىل 4 - ، 5 - سان

مۇھىم مەزمۇنى:

جۇڭگو ۋە چەتئەل ئەدەبىياتىدىكى سەنۋىتىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى تونۇشتۇرۇلغان. سەنۋىتىنىڭ ئومۇمى خۇسۇسىيىتى بايان قىلىنغان. ئاباي ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ قازاق سەنۋىتىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

بۇ ماقالا ژورنال تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان.

△ «قازاق ئېغىز ئەدەبىياتى»

«جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە) دېگەن كىتاپتا ئېلان قىلىنغان. خۇنەن نەشرىياتى.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا قازاق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىر - تۈرلىرى بويىچە تونۇشتۇرۇلغان.

△ « ‹جۇڭگو بالىشوي ئېنسىكلوپېدىيەسى› نىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تومى»غا يېزىلغان 8 تارماق».

مۇھىم مەزمۇنى:

ئاپتور بۇ 8 تارماقنى بىۋاستە خەنزۇ تىلىدا يازغان بولۇپ، ئۇلاردا قازاق ئەدەبىياتىنىڭ (ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازغۇچىلار ئەدەبىياتى) ئومۇمى ئەھۋالى ۋە ئاخىت

---

① بۇ ماقالا يولداش ماۋيۈگفۇ بىلەن بىرلىكتە يېزىلغان.

ئۇلۇمچى، ئاسقار پاتاناي، ئەھمەت مىڭجانى، قۇربانالى ئوسپان، قاجىغۇمار شابدان، راقىمە-تۇللا ئەپشە، كېيىنكى مۇقاچانلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلغان.

△ «ئاباي شېئىرى ھەققىدە»

«ئىلى گېزىتى» 1982-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى

مۇھىم مەزمۇنى:

ئابايىنىڭ شېئىرلىرىدا شېئىر ئىجادىيىتى، شېئىرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلى ھەققىدە نۇرغۇن كۆز قاراشلىرى بار، بۇ ماقالىدا مۇشۇ كۆز قاراشلار تونۇشتۇرۇلۇپ مۇھاكىمە قىلىنغان.

△ «ماركسىزم كىلاسسىكلىرىنىڭ خەلق داستانلىرى ھەققىدىكى بىر-ئىككى بايانى»

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» (قازاقچە) 1982-يىل 3-سان

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالا «قازاق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار» ناملىق كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ماقالىدا ئېنگېلس بىلەن لېنىننىڭ خەلق داستانلىرى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان.

△ «قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەت قوشاقلىرى»①

«شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ماقالىلار» (خەنزۇچە).

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا قازاق خەلقىنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئادەتلىرىدىكى ئادەت قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل تەرەپتىكى خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

## B

△ «ۋاقىت ئىزلىرى»

(ھېكايە-سەنئەتلەر توپلىمى) مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى 1985-يىل 5-ئاي

بۇ ھېكايىلەر توپلىمىدا قازاق خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى

① بۇ ماقالا يولداش ماۋيۈگىنۇ بىلەن بىرلىكتە يېزىلغان.

ئىش - ئىزلىرىنى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ ۋەيرانچىلىقىنى، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» قا قارشى خەلقنىڭ كۈرىشىنى گۈزەل ئوبراز بىلەن تەسۋىرلىگەندۇ. مەسىلەن، «قويچى ئارزۇسى» دا بىر مۇمايىنىڭ بىر بورداق قوزىنى بېقىپ، ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى 80 كىلوغا يەتكۈزۈپ، ئاخىرى ئۇ قوينىڭ ناھىيىلىك كۆرگەزمىگە تاللانغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق قازاق خەلقىنىڭ ئەمگەكچانلىقىنى، سوتسىيالىزىم ئىشلىرىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. «كونېتېك» تە بىر يازغۇچىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ زىيالىيلارغا كەلتۈرگەن ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى ۋە زىيالىيلارنىڭ ئۇلارغا قارشى كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرسە، «تۆت تۇرنىلىق چوكان» دا بىر ھاكىم ئايالىنىڭ ئۆزىنى تۆت تۇرنىلىق يۈك قاتارىدا ھېساپلىتىپ، تۆت تۇرنىلىق ماشىنىنى قۇرۇق ھەيدىتىپ ئۇققان يوقلىغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ خەلق مەنپەئەتىگە كەلتۈرگەن ئېغىر زىيىنى پاش قىلىنغان. ئاپتور ئەسەرلىرىدە ئادەتتىكى ۋەقەلىكلەردىن پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ گۈزەل پەزىلىتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىختىن دوستلۇقىنى مەدھىيىلەيدۇ. مەسىلەن، «يامغۇر تىلەش» تە قازاق خەلقىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇن قۇرئان ئوقۇپ، قوي سويۇپ يامغۇر تىلەيدىغانلىقىنى، بۈگۈنكى كۈندە سۇنئىي يامغۇر ياغدۇرۇلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. «ئاققۇ قايتىپ كەلدى» دە مۇشۇ قۇشنىڭ 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىسىدا ئۇلۇغ كۆلدىن كېتىپ قېلىپ، يېقىنقى يىللىرى قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئازات زامانىنى، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى ياخشى ۋەزىيەتنى مەدھىيىلەيدۇ. «خاسىيەتلىك ئاددى نەرسىلەر» بىلەن «ئەڭگۈشتەر توغرىسىدا ھېكايە» دە قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ داۋاملىق پارقىراپ تۇرمايدىغانلىقىنى، داۋاملىق پارقىراپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ قىممەتلىك بولۇۋېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەلسەپىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ توپلامدىن ئورۇن ئالغان «مەرۋايىت» خەنزۇ تىلىدا چىققان 30 يىللىق «تاللانما ئەسەرلەر» توپلىمىغا، «بىر ئەڭگۈشتەر توغرىسىدا ھېكايە» قازاق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ «تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى»، «ئاسمان تۇلپارى توغۇرلۇق قوشاق»، «ئەڭگۈشتەر توغرىسىدىكى ھېكايە»، «كونېتېك» قاتارلىق ھېكايە، ئەسەرلىرى مۇكاپاتلاندى.

قوشۇمچە:

C

تەرجىمە ساھەسىدە

△ «قىيىنچىلىققا قانداق قاراش كېرەك»

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشرى 1960 - يىل

△ «كوممۇنىستىك تەربىيە» (دەرسلىك)
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى، 1961 - يىل

△ «كىچىك پارتىزان»
(ۋاڭ يىۋانجەننىڭ ھىكايىلەر توپلىمى)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1962 - يىل.

△ «ئەڭ گۈزەل گۈللەر»
(مالچىنخۇ قاتارلىقلارنىڭ ئوچېركلىرى)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1963 - يىل

△ «ئىككى يۈرەكلىك»
(لۇشۈننىڭ پىمايېتۇنلىرى)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل

△ «گوركى ئەدەبىيات توغرىسىدا»①
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 1981 - يىل.

△ «قىز قەۋرىسى»، «ئارتىست بولمايدىغان قىز»، «بىزنىڭ نېۋبەيوي»، «قاچ-قاندىن يەڭگەن ئەۋزەل»، كىنو فىلىملىرى، تيانشان كىنو ستۇدىيىسى ئاۋازغا ئالغان.

△ ئاپتور «تىپىك ئوبراز — تونۇش ۋە ناتونۇش ئادەم»، «گۈزەل شەھەر»، «ياز كۈنلىرى» قاتارلىق 20 گە يېقىن ئوبزور، ھىكايە، سەنۋەن تەرجىمە قىلىپ، «ئوۋچىنىڭ ئوغلى»، «قازاق ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمى بايان» قاتارلىقلارنى قازاقچىدىن خەنزۇچىغا (بىرلىشىپ) تەرجىمە قىلىپ، گېزىت، ژورنال، كىتابلاردا ئېلان قىلغان.

① بۇ كىتاپ بىرلەشمە تەرجىمە

## ئەركىن موساجان

△ «ئەدەبىي ئەسەر بىلەن قىستۇرما سۈرەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە سەل قارىماسلىق لازىم»
«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1980 - يىل، 8 - سان.

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا، ئالدى بىلەن، ئەدەبىي ژورناللارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، ئەدەبىي ژورناللارنى ياخشى چىقىرىشقا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپلەر ئېيتىلىپ، ئەدەبىي ژورناللارنى ياخشى چىقىرىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى - ئەدەبىي ئەسەر بىلەن قىستۇرما سۈرەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاندىن كېيىن، ئەدەبىي ژورناللارغا بېرىلىدىغان قىستۇرما سۈرەتلەرنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ بەدىئىي زوق بېغىشلاش قىممىتى، ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنى بىلەن قىستۇرما سۈرەتنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كېتىشىنىڭ زۆرۈرلىكى، ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىغا ماسلاشقان قىستۇرما سۈرەت بىلەن ماسلاشمىغان قىستۇرما سۈرەتنىڭ كىتابخانىغا بېرىدىغان تەسىرى ھەققىدە سۆزلەنگەن ھەم ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنى بىلەن ماسلاشمىغان 4 پارچە قىستۇرما سۈرەت مىسالغا ئېلىنىپ، پاكىت ۋە تەھلىل ئارقىلىق، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ماسلاشمىغان قىستۇرما سۈرەتنىڭ ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئەدەبىي ژورنالنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقى، ماسلاشمىغان قىستۇرما سۈرەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئاخىرىدا، ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنى بىلەن قىستۇرما سۈرەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە سەل قارىماسلىق لازىملىقى تەكىتلەنگەن.

△ «تارىخىي ئەمەلىيەتنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى»
«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى، 1982 - يىل، 12 - سان.

ماقالىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى:

ماقالىدا، ئەدەبىي ئەسەرلەر، بولۇپمۇ، تارىخىي تېمىلارنى يورۇتقان ئەدەبىي ئەسەرلەر تارىخىي رېاللىقنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەندە، تارىخىي ئەمەلىيەتكە سادىق بولۇش، رېالىزملىق سەنئەت پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان

بولۇپ، بۇ مەسىلە جۇڭگو - ياپونىيە سەنئەتكارلىرى بىرلىشىپ ئىشلىگەن رەڭلىك ھېكايە فىلىم «ئويناپ بولالمىغان شاخمات»نى تەھلىل قىلىش يولى بىلەن بايان قىلىنغان.

ماقالىدا، بۇ فىلىمنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ياپونىيە مىلىتارىستلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىگە ئېلىپ كەلگەن بالايى - ئاپەتلىرىنى، ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ خۇشاللىقلىرى ۋە قايغۇ - ئەلەملىرىنى، دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى كۆۋالىيشەن، سىگىيلىرىنى قاتارلىق ئوبرازلار ئارقىلىق جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، فىلىمنىڭ ھەقىقەتەن تارىخى ئەمەلىيەتنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

△ «ئانىنىڭ نەسىھەتلىرى»

«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى. 1979 - يىل. 14 - دېكابىر، 21 - دېكابىر سانلىرى.

بۇ 11 پارچە ئەقلىيە سۆز بىر ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە قىلغان نەسىھەت سۆزى شەكلىدە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىدىيىۋى - ئەخلاقى تەربىيە، مۇۋاپىق تۇرمۇش شەكلى، بىلىم ئېلىشقا تۈتۈلىدىغان پوزىتسىيە قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

## ئۆمەر ئوسمان

△ لوگىكا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 - يىل 7 - ئاي نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ ئومۇمىي لوگىكا توغرىسىدىكى ئاممىباپ كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا لوگىكىغا ئائىت ئاساسىي بىلىملەر ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىشقا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار، كادىرلار ۋە باشقا زىيالىي ياشلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ماس كېلىدۇ. بۇ كىتابتا ئىجادىي خاراكتېرلىك تەتقىقات مەزمۇنلىرىمۇ بار. بولۇپمۇ ئۇقۇملارنىڭ ئېنىق بولۇشى، ھۆكۈملەرنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى، ئەقلىي خۇلاسىنىڭ دەلىللىك بولۇشى ۋە دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ قايىل قىلارلىق بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

△ ياش - ئۆسمۈرلەر ئالاھىدىلىكى ۋە ئەخلاقىي تەربىيە

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى 1984 - يىل 5 - ئاي نەشرى

كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

بۇ كىتاب ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە ئائىت كىتاب بولۇپ، ئۇ پسىخولوگىيە چۈشەنچىسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ يېزىلغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەر ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىش جەريانلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرى شەرھىيلەنگەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئەڭ مۇھىمى بۇ كىتابتا ياش - ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ مەزمۇنلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ھەققىدە تەتقىقات خاراكتېرلىك بەزى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ كىتاب ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

△ ئۆگىنىشىمىزگە مەسلىھەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل 12 - ئاي نەشرى

مۇھىم مەزمۇنى:

بۇ كىتابتا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قانداق قىلغاندا ئەستە ياخشى قالدۇرغىلى، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگىلى، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرگىلى ۋە ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى تۇرغۇزغىلى بولىدىغانلىقى.... قاتارلىقلار توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىلىشتىن سىرت، ياخشى ئەخلاق ۋە ئېسىل مىجەز - خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۆگىنىشتىكى رولى توغرۇلۇقمۇ ئىجابىي تەربىيە ۋە پايدىلىق مەسلىھەت بېرىلىدۇ.